# ئاقسۇ ئەدەبىياتى

2

1988





«پاھ. بۇ يەر نېمە دېگەن مەنزىرىلىك!» لىۋ تەنشۈن فوتوسى



«قېنى قايسىڭ يامان، ھە!» تيەن شىلىن فوتوسى

1988 - يىل 2 - سان
( ئومۇمىي 34 - سان )
توققۇزىنچى يىل نەشرى

# ئاقسۇ ئەدەبىياتى

## مۇندەرىجە

شېئىرلار ……………… ( شېئىر ) ……………… نىياز مەخمۇت 1
ھايات سەپىرىدىكى يولۇچىلار… (كىنو سىنارىيىسى) ……… ئۆمەر قادىر 5
چۆچمەل ۋىسال ……………… ( شېئىر ) ……………… زاھىر ئابدىراخمان 52
ئىككى شېئىر ……………… ( » ) ……………… تاھىرجان قاسىم 53
تۈلكىنىڭ دىپلومى ……………… ( مەسەل ) ……………… مۇختار سۈپۈرگى 55
رۇبائىيلار ، پارچىلار ……………… ( شېئىر ) ……………… كېرەم مىجىت 57
پارچىلار ……………… ( » ) ……………… ئابلىز قۇربان 58
سىناش ……………… ( ھېكايە ) ……………… ئابابەكرى خوجا 59
ۋىجدان ساداسى ……………… ( » ) ……………… تۇرغۇن ئىسلام 64
كۆڭۈل چەشمىلىرى ……………… ( شېئىر ) ……………… زوردۇن ئىمىر 68
بىلىم ئىشقىدا ……………… ( » ) ……………… تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم 71
بىلىم ئىشقى ……………… ( » ) ……………… بۇۋىھەجەر ئارمىيە 75
غەزەللەر ……………… ( » ) ……………… ئىبراھىم ئىزاقى 76
قايغۇلۇق خەۋەر ……………… ( خەۋەر ) ……………… 78
كۈتۈلمىگەن ئامەت ……………… ( ھېكايە ) ……………… ئامانگۈل مامۇت 79
شېئىرلار ……………… ( شېئىر ) ……………… ياسىن ئەھمەت 81
ئاچچىق - چۈچۈك تۇيغۇلار …… ( شېئىر ) ……………… ئىبراھىم قۇربان 83
ئۈچ شېئىر ……………… ( » ) ……………… ئەخمەتجان ئوسمان 85
گۈلگە ئوخشاش بولسا قەلبلەر… ( » ) ……………… ئەھەت ھاپىز 86
كېچىدە ئۇرغۇغان قەلب …… ( » ) ……………… تۇرسۇن زۇمۇدۇن 86
ئالتۇن چۈش ……………… ( ھېكايە ) ……………… ياسىن قاسىم 87
كۆز ……………… ( » ) ……………… چىن جىيەنجاڭ 93
ئىككى شېئىر ……………… ( شېئىر ) ……………… ئەخمەتجان سادىق 94

ئىككى شېئىر .................. ( شېئىر ) .................. سالى ئىبراھىم 95

ۋىجدان چۇقانلىرى ........... ( « ) ............... ئابدۇقادىر ھەسەن 95

يېڭىتلىكنىڭ يۈزىگە ياكى ...... ( « ) ............... تۇرسۇنجان ھەسەن 96

... غا ..................... ( « ) ............... نازىمجان يۈسۈپ 97

ئىككى شېئىر ............... ( « ) ... ئابدۇقەييۇم مەھەممەت ئىمىن 97

شېئىرلار ...................... ( « ) ............... ئابدىرېھىم زاھىدى 97

ئانام مېنى داڭلايدۇ
دىلسىز دېمنى بىلمەيدۇ ............ ( « ) ............... قاسىمجان يۇنۇس 99

كۆي ........................ ( « ) ............... ھۆسەيىن ئىمىن ھاجى 99

موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانى توغرىسىدا ...... ( ماقالا )
.................................. قۇتلۇق ئالماس 100

---

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە : ئاق ئەتىر گۈل

(ليۇتەنشۈن فوتوسى)

قىستۇرما سۈرەت ۋە خۇشخەتلەرنى ئابلا توختى سىزغان ۋە يازغان.

# شېئىرلار

نىياز مەھمۇت

## شائىر قەلبى

كەلدى گۈزەل پۇرسەت بۈگۈن،
ئىجات بېغىم گۈللەيدىغان.
ئىلھاملىرىم قانات قېقىپ،
پەرۋاز قىلىپ ئۆرلەيدىغان.

كەلدى ئېسىل كۈنلەر بۈگۈن،
ھەق ئىش ئۈچۈن سۆزلەيدىغان.
شېئىرىم بىلەن خەلقىمنى ھەم،
ئىقبال ئۈچۈن ئۈندەيدىغان.

كەلدى باھار چاغلار بۈگۈن،
گۈل باغلىرى كۈيلەيدىغان.
پاكلىق غورۇر ئارزۇم بىلەن،
ئەل بەختىنى كۆزلەيدىغان.

## ئايگۈلۈم

ئاي دېسەم ئاپتاپ ئىكەن،
ئايگۈلۈم ئاي يۈزىڭىز.
جان ئېلىپ ئويناپ تۇرار،
دىلخۇمار جۈپ كۆزىڭىز.

تۇرقىڭىز ھەسلى زىبا،
ئەۋرىشىمدۇر بويىڭىز.
يۈرەكلەرنى ئوينىتار،
ھەجەپ شېرىن سۆزىڭىز.

سىزگە مەن كۆيگەن بىلەن،
نەدە خىيال ئۆيىڭىز.
رەھمە قىلىپ دەردىگە داۋا،
بولغۇسىدۇر ئۆزىڭىز.

## بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن

كۈن چىقىشتىن كۈن چىقتى،
كۈنگە كۈلۈپ قارىدىم.
دەۋرىمىزدىن نۇر ئېلىپ،
قىزىل گۈلدەك ياشنىدىم.

يېڭى ئۇلۇغ دەۋردىن،
ھەل بولغاچقا تىلەكلەر.
ھۆر بەختتىن سۆيۈنۈپ،
يايراپ كەتتى يۈرەكلەر.

قىزىپ كەتتى ھەر ياندا،
يېڭى ھايات بايرىمى.
بولدى بۈگۈن يۇرتىمىز،
خۇشاللىقنىڭ قاينىمى.

يېزىمىزنىڭ بېغىدا،
دائىم خۇشال يايرايمەن.
ئانا ۋەتەن ئىشقىدا،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

## بەختىيار گۈزەل شىنجاڭ

قۇچىقى گۈزەل بوستان،
تەرىپى غەزەل داستان.
مۇستەھكەم پولات قورغان،
بەختىيار گۈزەل شىنجاڭ.

ياۋغا ئەجەل يوللىغان،
غەلىبەتويى ئوينىغان،
شانۇ - زەپەر بويلىغان،
بەختىيار گۈزەل شىنجاڭ.

پارلاق مىللى سىياسەت،
بەردى ساڭا سائادەت،
تاپتىڭ قۇدرەت كامالەت،
بەختىيار گۈزەل شىنجاڭ.

پارتىيىگە ئەگىشىپ،
مۇشكۇل داۋان تاغ ئېشىپ،
شان - شەرەپكە ئېرىشىپ،
ئۆرلىگىن گۈزەل شىنجاڭ.

## ئىلگىرىلەيمىز ئەبەتكە

قۇچاق ئاچتى دەۋرىمىز،
يەتتۇق ئارزۇ-تىلەككە.
كۆندەك يورۇپ كۆڭلىمىز،
شاتلىق تولدى يۈرەككە.

يوقالغاچقا جاھالەت،
ئېلىمىزدىن ئەبەتكە.
ئوقۇشۇلۇپ ھۆر ئېلىمىز،
پۈركەندى گۈل - چېچەككە.

ئىسلاھاتنى باشلىدۇق،
قۇۋۋەت تولدى بىلەككە.
ئۇلۇغ ۋەتەن يولىدا،
ئىلگىرىلەيمىز ئەبەتكە.

## نۇر قۇياشىم پارتىيە

نىجاتچىسى ئېلىمىنىڭ،
ئىجاتچىسى بەختىمىنىڭ،
شەپقەتچىسى خەلقىمىنىڭ،
نۇر قۇياشىم پارتىيە.

غالىپ قەدەم تاشلىغان،
يولنى ئالغا باشلىغان،
دۈشمەن كۆزىنى ياشنىغان
نۇر قۇياشىم پارتىيە.

بىلمىگەننى بىلدۈرگەن،
ئەمگەكچىنى كۈلدۈرگەن،
بەخت گۈلى ئۈندۈرگەن،
نۇر قۇياشىم پارتىيە.

سەن بولغاچقا داۋامەت،
تاپتۇق بەخت سائادەت،
ئىلگىرىلەيمىز تائەبەت،
نۇر قۇياشىم پارتىيە.

## شەرۋانە

دېھقان قىزى شەرۋانە،
ئىش ئەمگەككە پەرۋانە.
كۆكرەك كېرىپ جاپاغا،
ئىشلىدۇ مەردانە.

قەلبى ئوت ئاتەش بولۇپ،
ئۆتكەللەردە باش بولۇپ،
باھالىنار ھەر يىلى،
دائىم ئىلغار ياش بولۇپ.

ئەلگە خۇشتار يۈرىكى،
ئىشتا ئالماس بىلىكى،
يېزىمىزنى گۈللەتمەك،
ئۈنىڭ ئارزۇ - تىلىكى.

## چىرايلىق

ئەلنى شاتقا چۈمدۈرۈپ،
بارچە دىلنى كۈلدۈرۈپ،
قۇچاق ئاچتى بىزگە كەڭ
باھارىمىز چىرايلىق.

باغدا بۇلبۇل سايرىغان،
مېۋىلەر مەي باغلىغان،
خۇش ئېچىلدى رەڭمۇ ـ رەڭ،
گۈلزارىمىز چىرايلىق.

كۈنلەر گۈلدەك ئۆتمەكتە،
غايىمىز نۇر تۆكمەكتە،
تىل تەگمىسۇن بۇ كۈنگە،
زامانىمىز چىرايلىق.

## ئەمگەكچىنى كۈيلەيمەن

تاڭدا باھار شامىلى
سۆيۈپ ئۆتەر باغلارنى.
ھالال ئەمگەك ياراتتى،
بۇ بەختىيار چاغلارنى.

مېھنەت بىلەن دىلىمىز،
يورۇپ كېتەر كۈندۈزدەك.
لەززىتىدىن شاتلىغىم،
ئۆركەشلەيدۇ دېڭىزدەك.

مېھنەت سۆيگەن ئەل سۆيەر،
ئەلگە ئىللىق كۆرۈنەر.
تۆھپە قوشساڭ ئەل ئۈچۈن،
ئەلمۇ سەندىن سۆيۈنەر.

مېھنەت بىلەن ئۆرلەيمەن،
چېچەكلەيمەن، گۈللەيمەن.
مېھنەت بىلەن شان قۇچقان،
ئەمگەكچىنى كۈيلەيمەن.

## باھار گۈلى

باھار گۈلى ئېچىلدى،
يېزىمىزدا رەڭمۇ ـ رەڭ
ھۆسنى باھار يېزىمىز،
قۇچاق ئاچتى بىزگە كەڭ.

گۈللەرگە تولۇپ كەتتى،
يېزىمىزنىڭ باغلىرى.
ئۆتەر شۇنچە ھەممىلەك،
خەلقىمىزنىڭ چاغلىرى.

زامانىمىز ياشلىرى،
قەلبى ئىللىق باھاردەك.
خىسلىتى شۇنچە گۈزەل،
قامىتى زور چىناردەك.

## ئاقسۇ باغلىرى

باقساڭ كۆزنى چاقنىتار،
رەڭدار ئاقسۇ ئالمىسى.
چوڭلۇقى ئاپقۇرچە بار،
تەملىك ھەر بىر دانىسى.

شۇنچە شېرىن شەربەتلىك،
ئەنجۈر بىرلە ئۆرۈكى.
سۆيۈنۈپ يايراپ كېتەر،
يىگىتلەرنىڭ يۈرىكى.

جانغا ھوزۇر زوق بېرەر،
گۈزەل ئاقسۇ باغلىرى.
ئۆتەر شۇنچە كۆڭۈللۈك،
خەلقىمىزنىڭ چاغلىرى.

## داغدام يول

سوتسىيالىزم داغدام يول،
ئەل بەختىنى ئاچقان يول.
كۈلگە پۈركەپ ۋەتەننى،
غەلىبە نۇرى چاچقان يول.

سوتسىيالىزم داغدام يول،
ئىستىقبالى پارلاق يول.
يېڭى ئۈزۈن سەپەردە،
زەپەر مارشى ياڭراق يول.

سوتسىيالىزم داغدام يول،
خەلقىم ئالغا ئۇچقان يول.
روناق تېپىپ ئېلىمىز،
شانۇ ـ شەرەپ قۇچقان يول.

## ۋەتىنىم

سۆيۈملۈك گۈلزار ئېلىم،
سەندە يايرايدۇ دىلىم.
شۆھرىتىم، شان ـ شەۋكىتىم،
بەختىم ئىپتىخارىمسەن.

تۇپرىقىڭ ئەجەپ مۇنبەت،
سەندە بار ئۇلۇغ خىسلەت.
قوينۇڭدۇر گويا جەننەت،
شەۋقىم ـ گۈل ئۈزارىمسەن.

گۈلمەكتە ھايات سەندە؛
بۇلبۇللار ئۆرار خەندە.
بەختىمىز گۈلۈستانى
سولماس گۈلباھارىمسەن.

## دەۋرانىم گۈزەل

دەۋرانىم گۈزەل بولغاچقا بۈگۈن،
كۈلۈپ ئىقبالىم قۇچاق ئاچىدۇ.
خەلقىم شىجائەت غەيرەتكە تولۇپ،
دولقۇنلار يېرىپ ئالغا باسىدۇ.

دەۋرانىم گۈزەل بولغاچقا بۈگۈن،
پارلاپ ھۆر بەخت بىزگە باقىدۇ.
تۆتلىشىش جېڭى قىزىغاچ ھەر يان،
زاۋۇت، كانلارغا شەرەپ ياغىدۇ.

دەۋرانىم گۈزەل بولغاچقا بۈگۈن،
بەخت دېڭىزى ئۇرغۇپ ئاقىدۇ.
ۋەتىنىڭ گۈزەل ئەتىسى ئۈچۈن
خەلقىمىز ھارماي داۋان ئاشىدۇ.

---

(بېشى 63 ـ بەتتە)

ماگىسىمۇ بولاتتى. ئۇنداق قىلمايلا چىقىپ كېتىپ قاپتۇ. بۇ دەرۋەقە بىزنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىز، زىياننى تۆلەيلى، ئابدۇرۇسۇلغا تەربىيە قىلايلى!

ـ ئابدۇرۇسۇل؟ ـ دېدى قىز ئەجەپلەنگەن ھالدا ۋە ئەتراپقا قاراپ قويدى.

بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ئابدۇرۇسۇل، ئاۋۇ دېھقاننىڭ ئۆزىنىڭ نىشانى ـ رەيھان قىزنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تېخىمۇ ئالاقىزادە بولۇپ كەتتى. قېچىپ كەتسۇنمۇ؟ ياق! مۇمكىن ئەمەس. قىز ئالدىدا يولداشلىرىنى خىجالەتتە قويۇش ـ ياخشى پەزىلەت ئەمەس. سەۋەنلىك ئۆزىدىن ئۆتكەن تۇرسىمۇ ئابدۇرۇسۇل قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـ ئەپۇ قىلىڭ رەيھان، ـ دېدى ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا، قىزغا تىكىلىپ قارىيالماي، ـ بۇ ئىشقا مەن ئەيىپلىك.

ـ سىز... سىز ئەيىپلىك؟!

رەيھان بىردىنلا بۇرالدى ـ دە، ھودۇقۇپ كەتكەن ئابدۇرۇسۇلغا غەزەپ بىلەن ئالايدى. شۇ تاپتا رەيھانگۈلنىڭ قەلبىدە، تۈنۈگۈن كەچتىكى ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئابدۇرۇسۇلغا نىسبەتەن پەيدا بولغان ياخشى تەسىراتلىرىنىڭ ئىزنىسىمۇ قالمىغان، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاچچىق بىر يىرگىنىش ـ نەپرەت ئىگىلىگەنىدى. بۇنى چۈشەنگەن ئابدۇرۇسۇل دەرھال ئىزاھات بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى.

ـ رەيھانگۈل، ئەپۇ قىلىڭ! راستىنى ئېيتسام مەندە ئەيىپ يوق، دادىڭىز كەلگەن ۋاقىت، دەل مېنىڭ بىرسى بىلەن ئۇچرىشىشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالغانىدى، دەل شۇ ۋاقىتتا ۋەدە قىلغان يەرگە ئۈلگۈرۈپ بارمىسام بولمايتتى، خاپا بولماڭ، بارلىق زىياننى مەن تۆلەپ بېرىمەن!

رەيھانگۈلنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. بوغىزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، «غىققىدە» بولۇپ، زۇۋانىمۇ سۈرەلمەي تۇرۇپلا قالدى.



# ھايات سەپىرىدىكى يولۇچىلار

## ( كىنو سنارىيسى )

ئۆمەر قادىر

ئەتراپى ياپ - يېشىل ئارچا دەرىخى بىلەن قاپلانغان بىر بىنا يىراقتىن كۆرۈنىدۇ. كەچكى شەپەق نۇرلىرى ئارچا دەرىخىنىڭ ياپراقلىرىنى قىزغۇچ رەڭگە كىرگۈزگەن. ئاپپارات چېكىنگەندىن كېيىن بىر بىنا پەلەمپىيىدىن بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز، ئۇلار ئىشىكتىن ئالدىراش كىرىپ كېتىۋاتماقتا. بىنا ئىچىدىن كۈچلۈك مۇزىكا ساداسى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ كۆرۈنۈش ئالمىشىپ ئېكراندا دېسكو ئۇسۇلى ئويناۋاتقان بىر توپ گەۋدىلەر مەلۇم بولىدۇ، تام بويىلاپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشقان، زال ئىچىنىڭ قاينام - تاشقىنلىقىغا چۆمگەنلىكىنى بايقايمىز. جىددىي مىدىرلاۋاتقان گەۋدىلەردىن ياشلىق كۈچى

ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جەڭگىۋار سىتۇدېنتلارنىڭ ئوبرازىنى كۆرۈش مۇمكىن. دەل شۇ كۆرۈنۈش ئۈستىدىن فىلىم ئالدى:

## «ھايات سەپىرىدىكى يولۇچىلار»

دېگەن خەت ئېكراننى قاپلايدۇ.

تۆۋەندە ھەيۋەتلىك ئوقۇتۇش بىنالىرى، ياپ - يېشىل دەرەخ ۋە گۈللەر بىلەن قاپلانغان باغلار ھەممىدە يىراقتا تارتىلغان مەنزىرە كۆرۈنۈش ئۈستىدىن ئارتىستلار ۋە فىلىم خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى چاقناپ ئۆتىدۇ.

**1. كۇتۇپخانا ئالدى، كۈز، كۈندۈز.**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەيۋەتلىك كۇتۇپخانا بىناسى. كۇتۇپخانا ئالدىدىكى فونتان كۆلچىكى ئەتراپىغا ئوقۇغۇچىلار يامراپ كەتكەن. بىز بۇ جايدا كونا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى باقايمىز.

دەرۋازىدىن ئوقۇغۇچىلار كىرىپ-چىقماقتا، ئوقۇغۇچىلار توپى ئىچىدە يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ قىزنىڭ كۆزى دەرۋازا تەرەپكە تىكىلگەن، قىزنىڭ ئىسمى گۈلشەن.

كۇتۇپخانا پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋاتقان گۈلشەن بىلەن تەڭ ياشلاردىكى زىلۋا بويلۇق بىر قىز ئۇدۇل فونتان كۆلچىكى تەرەپكە قاراپ كېلىدۇ. گۈلشەننىڭ كۆزى بۇ قىزغا چۈشىدۇ، ئۇ ئوقۇغۇچىلار توپىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ.

— سەلىمە! — دەيدۇ گۈلشەن قىزغىنلىق بىلەن.

سەلىمە ئىسىملىك قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ، ئۇ سوئال نەزىرى بىلەن گۈلشەنگە باقىدۇ.

گۈلشەن: ساڭا يەتكۈزىدىغان يېڭى خەۋەر يوق.

سەلىمە كۈلۈپ كېتىدۇ:

— ئەمىسە نېمىشقا چاقىرىسەن؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ نېمە؟!

گۈلشەن: ھە راست، مەن يۇرتىمىزدىن كېلىدىغان بىر قىزنى ساقلاۋاتىمەن. مۇبادا ئۇ ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولسا مۇنداق ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق دېگىنە؟! ھەي........

ئۇلار تەڭلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.

سەلىمە: كەچتە پاكولتېتتا بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش باركەن، قاتنىشامسەن؟

گۈلشەن: بىراق مەندە بىلەت يوقتە؟!

---

ئىزاھات:

بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىش ۋە قايتا ئۆزگەرتىش جەريانىدا سىنارىست مەتتىمىن ھەزرەت، دراماتورگ تۇرسۇن يونۇس ۋە ئوقۇتقۇچۇم ئازات سۇلتان قىزغىن ياردەم بەردى، مەن ئۇلارغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن.

— ئاپتوردىن

ئۇ ھۇر بىسنىنى چەقىرىپ قويىدۇ.

سەلىمە يالىچۇقىدىن ئىككى دانە بىلەتنى چىقىرىپ گۈلشەنگە بېرىدۇ:

— ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىر بىلەتكە چوقۇم ئۆزەڭ كىر، يەنە بىرسىگە ئەڭ يېقىن ھەمرايىڭ ئىشتىراك قىلسۇن. لېكىن قىز بالا بولماسلىقى كېرەك، چۈنكى سېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغىنىڭغا بىر نەچچە ئايلا قالدى، بىلدىڭمۇ؟

سەلىمە كېيىنىنى تۈگىتىپ مېڭىشقا تەمشىلىدۇ:

— ھەي سەلىمە! — دەيدۇ گۈلشەن، — ئۆزەڭچۇ؟

سەلىمە: مېنىڭدىن ئەنسىرىمە!

گۈلشەن ئوقۇغۇچىلار توپى تەرەپكە ماڭىدۇ.

## 2. كوچا، كۈندۈز.

چوڭ يولدا كېلىۋاتقان بىر ئاپتوۋۇز داشۆ دەرۋازىسى تەرەپكە بۇرۇلىدۇ. ئاپتوۋۇز دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئوماققىنە كۈلۈپ تۇرغان بىر قىز دەرۋازىغا ئېسىلغان ۋىۋىسكا تاختىسىدىكى «شىنجاڭ داشۆ» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالىدۇ. ئۇ ئەتراپقا ھەم ھەيرانلىق ھەم زوقمەنلىك بىلەن باقىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ كەيپىياتىدىن بۇ شەھەرگە يېڭىدىن كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىمىز.

ئۇنىڭ ھاياجان قاپلىغان چىرايى.

## 3. كوتوپخانا ئالدى.

ئاپتوۋۇز دەرۋازىدىن ئاستا كىرىدۇ.

گۈلشەننىڭ كۆزى ئاپتوۋۇز دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان قىزغا چۈشىدۇ. ئۇ «ئاينۇر!» دېگىنىچە ئاپتوۋۇز تەرەپكە يۈگرەيدۇ. گۈلشەننى كۆرگەن ئاينۇرنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق تەبەسسۇمى پارلاپ كېتىدۇ. ئۇ لېۋىنى يېنىك بىر چىشلىۋالىدۇ — دە، نازلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى دېرىزىنىڭ ئىچىگە تارتىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار توپى ئاپتوۋۇزنى قورشىۋالىدۇ.

ئاينۇر ئاددى سەپەر سومكىلىرىنى كۆتەرگەن ھالدا ئاپتوۋۇزدىن چۈشىدۇ.

— ياخشىمۇ سىز؟ — دەيدۇ گۈلشەن ئاينۇرنىڭ قولىدىكى سومكىغا يېپىشىپ، — ئەكېلىڭ، سومكىنى ماڭا بېرىڭ!

ئاينۇر تارتىنىپ تۇرۇپ قولىدىكى سومكىنى گۈلشەنگە بېرىدۇ، ئاينۇرنىڭ بېشىدا ياغلىق، ئۇچىسىدا ئاددى قىزىل كۆينەك بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە خېلىلا يىراق بولغان بىر چەت يېزىدىن كەلگەنلىكىنى باىقايمىز. ئۇنىڭ بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرىدىن تەبىئىي گۈزەللىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. گۈلشەن ئاينۇرنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملىرىگە چاندۇرماي تۇرۇپ قاراۋالىدۇ، ئاينۇرنىڭ پۇتىدا ئاددى سۇلياۋ ئاياغ.

گۈلشەن: مەن سىزنى بىر نەچچە كۈندىن بۇيان مۇشۇ جايدا كۈتۈۋاتىمەن. كېچىكىپ كەلدىڭىزغۇ؟

— يېزا دېگەننى بىلىسىز، گۈلشەن ئاچا، — دەيدۇ ئاينۇر، — ئاپامغا ياردەملەشتىم. تۈرمىدىكى دادامنى يوقلىدىم، ئۆيدە پۇل بولمىغاچقا قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلىدىم.

گۈلشەن ئاينۇرنىڭ پېشىنى تارتىپ قويىدۇ.

ئاينۇر بىر نەرسىنى ئاڭقىرالمىغان هالدا گۈلشەنگە قارايدۇ.

— جۈرۈڭ، سىزنى ياتاققا باشلاپ باراي، — دەيدۇ گۈلشەن، — ئاۋۋال ياتاققا ئورۇنلىشىۋېلىڭ، داشۆدە ياتاققا ئورۇنلىشىش بەك مۇهىم. سىز بىلمەيسىز، كىيارۋات تالىشىپ سوقۇشۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ چىقىدۇ تېخى!

— داشۆدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوقۇشىدىغان ئىشىمۇ بارمۇ؟ — دەيدۇ ئاينۇر هەيران بولۇپ، — مەن مۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

گۈلشەن: كېيىن هەممىنى بىلىپ قالىسىز!

ئاينۇر گۈلشەننىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ.

بۇ ئىككى قىز كىيىنىش جەهەتتە بىر - بىرىدىن ئالاهىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئاينۇر گۈلشەننىڭ پۈزۈر كىيىملىرىگە قاراپ لېۋىنى ئاستا چىشلەپ قويىدۇ. بىز بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىدە قانداقتۇ بىر خىل سادا هېسسىياتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى هېس قىلىمىز.

**4. ئەدەبىيات بىناسىنىڭ كارىدورى.**

سەلىمە پەلەمپەيدىن چاقماق تېزلىكىدە يۇقىرى ئۆرلەپ كارىدوردا پەيدا بولىدۇ. ئۇدۇلدىن بىر يىگىت سەلىمە تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە.

— دىلشات! — دەيدۇ سەلىمە. دىلشات «نېمە گەپ؟» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا تىكىلىدۇ.

سەلىمە: قاراڭ، «ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتاب كۇتۇپخانىغا كەپتۇ، مەن هازىرلا ئارىيەت ئېلىپ چىقتىم. مانا ئەمدى ئامېرىكا ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىغان بولدۇق!

ئۇ قىزغىنلىق بىلەن قولىدىكى كىتابنى دىلشاتقا كۆرسىتىدۇ. دىلشات كىتابنى قولىغا ئېلىپ مۇقاۋىسىغا قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— مەن ئامېرىكا ئەدەبىياتىغا قىزىقمايمەن، شۇڭا بۇ كىتابنى تونۇشۇشمۇ بىهۇدە ئاۋارىچىلىق، — دەيدۇ.

سەلىمە: نېمىشقا؟

دىلشات: چۈنكى مەن ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇشىنى بىلمىگەندىكىن ئۇنىڭ ئەدەبىياتىنىمۇ ياقتۇرمايمەن. ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا بىمەنىلىك ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار پۈتۈنلەي پۇلپەرەستكىشىلەر ياكى بولمىسا پاهىشە ئاياللار. مۇنداق ئەدەبىيات بىزنى زەهەرلەيدۇ، سەلىمە!

سەلىمە بىردەم جىمجىت تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

- سىز شۇنداق دەپ قالامسىز؟ - دەيدۇ سوئال نەزىرى بىلەن.

دىلشات: مەنلا ئەمەس، سىزمۇ مۇشۇ خىل ئىدىيىنى يېتىلدۈرۈشىڭىز لازىم. بىز ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر نۇرغۇن. ئامېرىكا ئەدەبىياتى بىزنىڭ دەرسلىكىمىز ئىچىدە يوق، شۇڭا قولنى ئۇزاققا سوزماسلىقىمىز مۇھىم. مەن بۇ ھەقتە سىزگە كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلدىم، سەلىمە.

سەلىمە: بۇنى ئۆگىنىش ئۆزەمنىڭ ئىشى، دىلشات!

- مېنىڭ شەخسىي ئىشلىرىمغا ئارىلاشماڭ دېمەكچىمۇسىز؟ - دەيدۇ دىلشات خاپا بولۇپ، - سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزغا قايىل بولدۇم. كېيىن بىزگە ئامېرىكا ئەدەبىياتىدىن دەرس بېرىپ قالامسىز تېخى! شۇڭا مەن دىققەت قىلىشىم لازىم. قانداق دېدىم!

سەلىمە پىخىلداپ كۈلۈۋېتىدۇ.

دىلشات: مېنىڭ ئازراق ئىشىم بارتى، يولۇمغا ئىجازەت بېرەمسىز؟

سەلىمە كۈلكىسىنى توختىتىپ:

- مېڭىۋېرىڭ، لېكىن ئامېرىكا ئەدەبىياتىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ. بولمىسا ئۇتتۇرۇۋەتكەن بولىسىز، - دەيدۇ.

دىلشات كارىدور بويلاپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

سەلىمە بىر سىنىپنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىدۇ.

**5. قىزلار بىناسىنىڭ ئالدى، كۈندۈز.**

قىزلار بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئايلانما پەلەمپەيدىن چىرايلىق كىيىنگەن ئوقۇغۇچىلار چىقىپ - چۈشمەكتە.

گۈلشەن بىلەن ئاينۇرنىڭ گەۋدىسى بۇ جايدا پەيدا بولىدۇ.

ئاينۇر كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا شۇنچىلىك ھېرىسمەنلىك ھەم تارتىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە باقماقتا.

- قانداق، مەكتەپ سىزگە يېقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ - دەيدۇ گۈلشەن ئاينۇرنىڭ سادىدىللىقىغا كۈلۈپ.

ئاينۇر: مەن تەلپۈنگەن جاي مۇشۇ تۇرسا، ياخشى كۆرمىسەم بولامدۇ؟

گۈلشەن ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ.

- گۈلشەن ئاچا! - دەيدۇ ئاينۇر، - كونا قىزلار بەك چىرايلىق ياسىنىدىكەنسىلەر، مەكتەپتىن سىلەرگە پۇل بېرەمدۇ؟

گۈلشەن قاقاھلاپ كۈلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ئاينۇرنىڭ چىرايىدا ھەسرەت تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاينۇر تۇنجى قېتىم قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغان بۇ كۈلكىگە قانداق غەرەز سىڭگەنلىكىنى سېزەلمىسىمۇ، لېكىن بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك گۈلشەنگە گۇمان بىلەن قاراپ قويىدۇ.

ئۇلار بىنا ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىدۇ.

### 6. قىزلار ياتىقى، كۈندۈز.

ياتاقتا بىر كارىۋات بوش بولۇپ، ئۈستىگە چامادان، ساندۇق قويۇلغان. باشقىلىرىغا بولسا قىزلار پۈتۈنلەي ئورۇنلىشىپ بولغان. قىزلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئالما، نەشپۈت قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يېمەكتە. بىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئىشىك ئېچىلىپ گۈلشەن بىلەن ئاينۇر ياتاققا كىرىپ كېلىدۇ.

— مۇشۇ ئەدەبىيات پاكولتېتىدىكى قىزلارنىڭ ياتىقىمۇ؟ — دەيدۇ گۈلشەن.

بىر قىز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىزنىڭ ياتاق توشۇپ قالدى. باشقا ياتاققا ئورۇنلىشىڭلار! — دەيدۇ تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ.

گۈلشەن قولىدىكى تىز دىلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئاينۇر، يېڭىدىن كەلدى، مۇشۇ ياتاقتا يېتىش بەلگىلىنىپتۇ، كارىۋاتنى بىكارلاپ بېرىڭلار!

ھېلىقى قىز ئاينۇرنىڭ ئۈستى - بېشىغا بىر قۇر سەپ سالغاندىن كېيىن مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويىدۇ. ئاندىن:

— قاراڭلار، ئۇ سەھرادىن كەپتۇ! — دەيدۇ.

قىزلارنىڭ ھەممىسى ئاينۇرغا قارىشىدۇ.

ئاينۇر تۇنجى قېتىم بۇ ياتاقتا ھاقارەتكە ئۇچراۋاتقانلىقىغا چىدىيالماي لېۋىنى چىشلەيدۇ ۋە ھېلىقى قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىدۇ.

غەزەپلەنگەن گۈلشەن ھېلىقى قىزنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىدۇ:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئىسمىم گۈزەل! — دەيدۇ گۈزەل ئىسىملىك قىز، — بىزنىڭ سەھرالىقساۋاقداشلىرىمىزمۇ باركەن — دە! قارشى ئالىمىز!

ئۇ ئىستاكاندىكى چايدىن بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويىدۇ.

ئارىدىن بىر قىز چىقىپ:

— خاپا بولماڭلار، گۈزەل چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دەيدۇ.

بۇ قىزنىڭ ئىسمى زەينەپ.

گۈزەل: مەن تۈنۈگۈن كېچە بىر سەھرالىق بىلەن مۇشۇ ياتاقتا يېتىپ چۈش كۆرۈپتىكەنمەن، مانا بۈگۈن ئۆزى يېتىپ كەپتۇ.

گۈلشەن گۈزەلگە ئالىيىپ قويىدۇ.

— ئالدىرىما، مەن سېنىپ تەربىيىچىسىگە سېنىڭ پەسلىكىڭنى يەتكۈزىمەن. سەن بەك نوچى ئوخشايسەن!

ئۇ ئۈستۈندىكى كارىۋاتتىكى چامادانلارنى پەسكە ئالىدۇ. ئىشىك ئېچىلىپ بىر يىگىت شىڭگىلى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.

— ئاۋارە بولدىڭىز ئەركىن؟ — دەيدۇ گۈلشەن.

ئەركىن: نېمىگە ئاۋارە بولاتتىم. يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز تۇرسا...

ئاينۇر شىمىلىنى يېشىشكە باشلايدۇ، ئەركىن ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ.

ئەركىن: ياخشى ياتاقتا ئورۇنلىشىپسىز!

ئاينۇر ئەركىنگە قاراپ قويىدۇ.

**7. سىنىپ، كۈندۈز.**

سىنىپتا ئادەم شالاڭ.

سەلىمە ئارقا رەتتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قەغەزگە بىر نەرسىلەرنى يازماقتا. كۆرۈنۈش ئاستا يېقىنلاپ بارغاندا بىز سەلىمىنىڭ قولىدىكى قەلەمنىڭ قەغەز يۈزىگە «دىلشات» دېگەن ئىسمىنى يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. قەغەزنىڭ بىر يۈزى توشۇپ كېتىدۇ، سەلىمە قەغەزنى ئۆرۈپ ئارقىغا يازىدۇ. ئۇنىڭ چىگىش ھەم مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە قېلىپ قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس. ئۇ يېزىشتىن توختاپ قولىدىكى قەغەزنى يىرتىپ تاشلايدۇ. ئاندىن جوزىنىڭ تارتمىسىنى قۇلۇپلاپ ئىشىك تەرەپكە ماڭىدۇ. ئۇنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن.

**8. گۈلشەننىڭ ياتىقى، كۈندۈز.**

ياتاق ئىچى رەتلىك جايلاشتۇرۇلغان.

ياتاقتا ئاينۇر، گۈلشەنلەر بار.

گۈلشەن كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن بىر دانە قەغەز ساندۇقنى سىرتقا تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۇ ساندۇقنى ئېچىپ ئېگىز پاشنىلىق بىر توفلىسىنى ئالىدۇ — دە، ئاينۇرغا:

— بۇنى كىيىڭ! — دەيدۇ.

ئاينۇر ئاياققا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالىدۇ.

گۈلشەن: باشقىچە ئويلىماڭ، پۇتىڭىزدىكى سولياۋ ئاياق بىلەن يۈرسىڭىز ياخشى بولمايدۇ. سىز دېگەن قىز، بالىلار مەسخىرە قىلىدۇ.

— مەسخىرە قىلغىنىدىن قورقمايمەن! — دەيدۇ ئاينۇر — ياخشى ئوقىسام بولدى.

گۈلشەن: سىز ئۇقمايسىز ئاينۇر، بالىلار سىزنىڭ كىيىملىرىڭىزگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ خىل ئىدىيىگە قارشى تۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

— ئالىي مەكتەپتە مۇشۇنداق ئىشلار بارمۇ؟ — دەيدۇ ئاينۇر ھەيران بولۇپ — مەن ئىشەنمەيمەن!

گۈلشەن: ئىشەنمەسىز، ئىشەنمەسىز، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. قېنى ئالدى بىلەن ئاياقنى كىيىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئەتىدىن باشلاپ ياغلىق ۋە كۆينەكلىرىڭىزنى ساندۇققا سېلىۋېتىڭ، ئۇنى قويىۋەتسىڭىزمۇ كېرەك يوق.

ئاينۇر ئاياقنى مايلاشتىن توختاپ گۈلشەننىڭ كۆزىگە تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى كۆچ-

لۇك بورانغا دۇچ كەلگەن دېڭىز دولقۇنلىرىدەك داۋالغۇشقا باشلايدۇ. ئۇ ئۈن – تۈنسىز هالدا ئاياقنى كېيىدۇ.

كۆلشەن: سىز بۇ شەهەرگە يېڭىدىن كەلدىڭىز، كوچىغا يالغۇز چىقماڭ، بىكارىتە – لەپ لۈكچەكلەر چېشىڭىزغا تېگىدۇ، سىزگە بۇ ئەهۋاللارنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم ئاينۇر.

ئاينۇر ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ دېرىزە ئالدىغا كېلىدۇ.

پەستە پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان ۋە چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دىققىتىنى تار – تىدۇ. بۇ بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خۇشال كۈلكىسا دالىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايدۇ.

## 9. دىلشاتنىڭ ياتىقى، گۈگۈم ۋاقتى.

ئەركىن جوزا ئۈستىگە دەپتەر – كىتابلىرىنى يېيىپ قويغان. ئۇ ئۈن ئالغۇدىن چىقـ – قىۋاتقان روسچە خام سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاچ ئۆز ئىچىدە شۇ سۆزلەرنى تەكرارلىماقتا.

ئىشىك ئېچىلىپ ياتاققا دىلشات كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ئەركىننىڭ بېشىنى كۆتەرمەي روسچە ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەسخىرىلىك بىلەن:

— يەنە شۇ روس تىلىنىڭ غەلۋىسى، – دەيدۇ. ئۇ ئۈن ئالغۇنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىۋېتىدۇ.

ئەركىن دىلشاتقا كۈلۈپ قويىدۇ.

دىلشات: بىزنىڭ ياشلاردا بالدۇرراق نام چىقىرىشقا ئالدىراشتەك بىر خىل كېسەل بار. بىرسى چەتئەل تىلى ئۆگىنىسە باشقىلارمۇ دورامچىلىق قىلىپ چەتئەل تىلى ئۆگىنىدۇ، ئەقلى – هۇشىنى يوقىتىپ كېچە – كۈندۈز مۇهەببەت هەققىدە داۋراڭ سالىدۇ، لېكىن هەممىلا ئىشتا مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق. مۇشۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن بىز جۇڭگولۇقلار زىيان تارتىۋاتىمىز!

ئۇ ئاغزى – ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىدۇ.

ئەركىن ئاستا ئورنىدىن تۇرىدۇ:

— سېنىڭچە مەن روس تىلى ئۆگەنمەسلىكىم كېرەككەن – دە!؟

دىلشات: ئۆگىنىمەسەن، ئۆگەنمەسەن، ئۇ ئۆزەڭنىڭ ئىشى، لېكىن سېنىڭ قېنىڭ روس مىللىتىنىڭ قېنىغە ئارىلىشىپ قالماسلىقى لازىم. سەن پەقەت كاتتا شان – شەرەپـ – نى دەپلا ئۆزەڭنى قىيىناۋاتىسەنغۇ دەيمەن، بولمىسا بىزدە شان – شەرەپ قازىنىشنىڭ يوللىرى كەڭرى.

ئەركىن قاقاهلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.

دىلشات دېرىزىنىڭ ئوچۇق كۆزنىكىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆلۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بىمەنىلىك – كەن، – دەيدۇ ئېغىر تىنىپ قويۇپ، – ئىشەنمەسەڭ ئىنسانىيەتچىلىق ئىلىمىنىڭ ئالىملىرىدىن قورقىۋاتقان كاـ ۋاك قىسمىنى ئويلاپ باققىن. بىز يەر شارىدىكى تەلۋىلەرچە ھىدىراپ يۈرگەن نۇرغۇن جاھىللارنىڭ بىرسى. بىز نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئۆلمىسەك

بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئادەملەر ئۆلگەندە تېرىكلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ؟ ھەقىقەتەن كۈلكىلىك دۇنيا!

ئەركىننىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالىدۇ:

— ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا ئالجىپ قالدىڭمۇ نېمە؟

دىلشات ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئىككى قولى بىلەن گەجگىسىنى تۇتقىنىچە بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن:

— سەن ئويلاپ باققىن، مېنىڭ دۇنيا ۋە ئىنسانلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرۇمغا تامۇ؟ بىزمۇ ياخشى-يامانىنى پەرق ئېتەممىز ئاداش.

— ئەگەر سېنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭ شۇنداق بولسا، — دەيدۇ ئەركىن سالماقلىق بىلەن، — سەن دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسىدە مۇشۇ قاراش يېتىلمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇلار يەنە نۇرغۇن ئادەملەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، — دە!

دىلشات ئورنىدىن چاققىدە تۇرۇپ كېتىدۇ.

— توغرا — توغرا، سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ. مۇبادا مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇئەللىم بولسام ئوقۇغۇچىلىرىمغا چوقۇم ئۆز ئىدىيەمنى سىڭدۈرىمەن.

ئەركىن دىلشاتنىڭ كۆزىگە بىردەم قاراپ تۇرىدۇ.

دىلشاتنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچىدۇ.

دىلشات: قانداق، مەندىن گۇمان قىلىۋاتامسەن؟

ئەركىن گەپ — سۆز قىلمايدۇ. ئۇ كىتابىنى ئاچىدۇ — دە، ئۆز ئىشى بىلەن بەنت بولۇپ كېتىدۇ.

دىلشات كەيپى ئۇچقان ھالدا ئۆزىنى يەنە كارىۋاتقا تاشلايدۇ.

### 10. ئەدەبىيات پاكولتېتىنىڭ زالى، كېچە.

زال ئىچى بايرام كۈنلىرىدىكىدەك چىرايلىق بېزەلگەن. تام بويلاپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرغان. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئاينۇرگۇل ۋە دىلشاتمۇ بار. ئوتتۇرىدا بىر نەچچە جۈپ دىسكو ئۇسسۇلى ئويناۋاتاتتى.

ئاينۇر ھاياتىدا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بۇ دىسكو ئۇسسۇلىغا ھەم ھەيرانلىق، ھەم زوقمەنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە باقماقتا. ئۇنىڭ كۆزى دىسكو ئۇسسۇلى ئويناۋاتقانلار ئىچىدىكى گۈلشەنگە تىكىلگەن. گۈلشەننىڭ چېكىلىرىدىن تەر ئېقىپ كەتكەن. ئۇ شوخ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە دىسكو ئۇسسۇلى ئويناۋاتاتتى. ئاينۇرنىڭ چىرايىدا گۈلشەنگە بولغان قايىللىق تۇيغۇسى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ پات — پات لەۋلىرىنى يالاپ قويىدۇ.

مۇزىكا توختايدۇ.

دىسكو ئۇسسۇلى ئويناۋاتقانلار مەيداندىن چېقىپ كېتىدۇ.

گۈلشەن ئۇدۇل ئاينۇرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ:

— قانداق، ياخشىمىكەن؟

— گۈلشەن ئاچا! — دېدى ئاينۇر ھاياجان بىلەن، — سىز بەك چىرايلىق ئوينايدىكەنسىز. مۇسابىقىگە چۈشسىڭىزمۇ ھەممىنى ئۇتقۇدەكسىز جۇمۇ!

گۈلشەن: مەن پەقەت سىز ئۈچۈنلا ئويناۋاتىمەن.

— مېنى كۆرسۇن دەپسىز — دە! — دېدى ئاينۇر.

— ياق، ئۆگەنسۇن دەپ ئويناۋاتىمەن. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇنداق ئويۇنلارنى ئوينىشى بىر خىل مەجبۇرىيەت. سىزمۇ مۇشۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە بۇنى ئۆگىنىپ بولىشىڭىز لازىم. بىلدىڭىزمۇ؟

ئاينۇر: مەن بۇنىڭغا ۋەدە بىرەلمەيمەن.

ئاينۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ:

— گۈلشەن ئاچا، ئەمدى چىقىپ كېتەيلىمۇ؟!

گۈلشەن: جۇرۇڭ ئەمىسە!

ئۇلار زال ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا يەنە مۇزىكا ياڭراشقا باشلايدۇ. گۈلشەن ئارقىغا قاراپ - قاراپ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

## 11. پەلەمپەي.

گۈلشەن بىلەن ئاينۇر پەلەمپەيدىن چۈشمەكتە.

گۈلشەن: سىزگە ئېيتىپ قوياي، مۇندىن كېيىن مېنى ھەرگىزمۇ گۈلشەن ئاچا دەپ چاقىرماڭ. بۇ مەكتەپتە ئىككىلىمىز ئوقۇغۇچى. قائىدىگە سىغمايدۇ.

— قائىدىگە سىغمايدىغان، كىشىلەر مەسخىرە قىلىدىغان ئىشلار بەك كۆپكەن — دە! — دېدى ئاينۇر، — مەن مەكتەپنىڭ بۇ تەرىپىنى ياراتمىدىم.

گۈلشەن كۈلۈپ قويىدۇ.

پەلەمپەيدىن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ئەركىن ئىككەيلەننى كۆرۈپ ئورنىدا توختاپ قالىدۇ. ئەركىن ئۈن - تۈنسىز ھالدا گۈلشەننىڭ كۆزىگە تىكىلىدۇ. گۈلشەن بىر نەرسىنى ئاڭقىرالمىغان ھالدا ئەركىنگە باقىدۇ.

ئەركىننىڭ كۆزلىرىدىن سۆيگۈ ھېسسىياتى بىلىنمەكتە. ئۇ گويا بىرەر قىزغا تەلەپ قويۇپ ئۇزۇنغىچە جاۋابىنى ئالالماي تاقەتتى - تاق بولغان يىگىتتەك چوڭقۇر تەلمۈرۈش ئىلكىدە تۇرماقتا. ئۇنىڭ پەلەمپەي شادىسىنىڭ تۆمۈرىنى تۇتقان قوللىرى تىترەيدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە تاشقىنلاپ تۇرغان مۇھەببەت ھېسسىياتى بىر جۈپ ئويچان كۆزلىرىدىن ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىككەيلەننىڭ بۇ كەيپىياتىدىن بىر نەرسىنى ئاڭقىرالمىغان ئاينۇر:

— سىلەر نېمە بولدۇڭلار؟— دېدى ھەر ئىككىسىگە گۇمان بىلەن قاراپ.

گۈلشەن ئاياغلىرىنى يۆتكەيدۇ.

ئەركىننىڭ لەۋلىرى تىترەپ كېتىدۇ، ئۇ تىترەك ئاۋازدا:

— گۈلشەن!— دېدى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ.

كۆلشەن توختاپ ئەركىنگە قارايدۇ. لېكىن ئەركىندىن باشقا سادا چىقمايدۇ. ئۇ بىرەر نەرسىدىن ئەھمىيەت قىلمىغانلىقىدەك يەنە سۈكۈتكە چۆكىدۇ.

كۆلشەن ئەركىننىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئازلىق كۈلۈمسىرەيدۇ-دە:

— كېيىن سۆزلىشەيلى- دەيدۇ.

ئەركىن بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ.

كۆلشەن بىلەن ئاينۇر يېنە لەمپەيدىن چۈشۈپ زالنىڭ لەمپىسى ئالدىغا چىقىدۇ.

**12. ئاينۇرنىڭ ياتىقى، كېچە.**

ياتاقتا چىراق ئۆچۈرۈلگەن، قىزلارنىڭ ھەممىسى تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقتا. دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى ئاينۇر ياتقان كارۋاتنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

ئاينۇر بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرەپ قويىدۇ.

ئۇ چۈش كۆرىدۇ. ئۇنىڭ چۈشىدە تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشلەر گەۋدىلىنىدۇ:

ئاينۇر تېمتاسلىقتا چۆككەن كوچىدا يالغۇز كەلمەكتە. يانىدىكى بىنالارنىڭ چىراقلىرى ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ شەھەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان. پەقەت ئاينۇرنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرىلا جىمجىتلىقنى بۇزىدۇ. ئاينۇر بىر نەرسىدىن قورققاندەك ئەنسىز كۆزلىرى بىلەن ئارقىغا قاراپ قويىدۇ. ئۇ قەدەملىرىنى بارغانسېرى تېزلىتىشكە باشلايدۇ. ئۇ كېسىشكەن كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز قارشى كوچىدىن بىر جىپ ماشىنا چىقىپ كېلىدۇ. جىپنىڭ ئىچىدە ئىككى مەس يىگىت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزى ئاينۇرغا چۈشىدۇ. شوپۇر ماشىنىنى ئۇدۇل ئاينۇر تەرەپكە ھەيدەيدۇ. ئاينۇر ئۆزىگە قاراپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ماشىنىنى كۆرىدۇ-دە، ئىككى قولى بىلەن كۆزىنى توساپ ئاچچىق چىقىرايدۇ. بۇ چىقىراش بىلەن تەڭ قىزلارنىڭ ھەممىسى چۆچۈپ ئويغىنىدۇ.

چىراق يېقىلىدۇ.

ئاينۇر ياستۇقتىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدىن چىپىلداپ تەر ئاقماقتا.

بىر نەچچە چىرايلار ئۇنىڭغا غەزەپلىك تىكىلگەن.

— نېمە ئادەمنى قورقۇتىسەن؟- دەيدۇ گۆزەل، - يۈرىكىمنى يېرىۋەتكىلى تاسلا قالدىڭ. سەھرادىن جىن- ئالۋاستىلارنى ئالغاچ كەپسەن- ھە؟

ئاينۇر: چۈشۈمدە لۈكچەكلەر ھەيدىگەن بىر ماشىنىدىن قورقۇپ كەتتىم. ئۇلار مېنى ماشىنىغا باستۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.

قىز A: سەن لۈكچەكلەر يۈرگەن كوچىغا نېمىشقا بارغان؟

قىزلار كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

زەينەپ: ئادەم چۈشىدە بىرەر دەريانى قالغا بويلىمۇ تاشلايدۇ. تېخى لەچچەمنىڭ جەسەتنىڭ ئۈستىدە ئۇسسۇلمۇ ئوينايدۇ. لۈكچەكلەر يۈرگەن كوچىغا بېرىپ قېلىشى ئاددىي ئىشقۇ!

— بۇ ياتاققا جىن — ئالۋاستىلارغا ئامراق قىزلار يىغىلىپتۇ دەپ، — دەيدۇ گۈزەل مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ھەر كۈنى مۇشۇنداق چىقىرىغىلى تۇرساڭلار ئوقۇش پىلو تىتۇرگىچە ھەممىمىز جەزمەن ساراڭ بولىمىز. شۇڭا كېچىسى چىقىرىغىلارنى جازالىشىمىز لازىم.

— قانداق جازالايمىز؟ — دەيدۇ قىز A پىشىلداپ كۈلۈپ.

گۈزەل: مېنىڭچە، ئەتىسى ياتاققا چاي ئەكەلسۇن.

قىز B: چاي ئەكىلىپ قۇتۇلىدىغان ئىش بولسا مەن ھەر كۈنى چىقىرايمەن. بۇ— نىڭغا قوشۇلامسىلەر؟

گۈزەل: ئۇ چاغدا قوللىنىلىدىغان جازا بۇنىڭدىن ئېغىرراق بولىدۇ.

ئاينۇر ئۈن — تۈنسىز بېشىنى ياستۇققا تاشلايدۇ. ئۇنىڭ چىرايىنى ھەسرەتلىك تەبەسسۇم ئىگىلىگەن.

**13. سىرت، ئەتىگەن.**

شەرق ئاسمىنى قىزارغان بولۇپ، ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى دېرىزە ئەينەكلىرىدە ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا جىلۋە قىلماقتا.

بەدەن چېنىقتۇرۇشى قىلىپ قايتقان قىزلار بىنا ئىشىكىدىن ئالدىراش كىرىپ كې— تىۋاتماقتا.

**14. يۈز يۇيۇش ئۆيى، ئەتىگەن.**

يۈز يۇيۇش ئۆيى قىزلار بىلەن توشۇپ كەتكەن.

جۈمەكتىن سۇلار شىلدىرلاپ چۈشمەكتە.

نۆۋەت كۈتۈپ بىر ياندا تاقەتسىز — تاق بولۇپ تۇرۇشقان قىزلار ئېغىزلىرىنى مى— دىرلىتىپ ئىچىدە بىر نەرسىلەرنى يادلىماقتا.

ئاينۇر لۆڭگە، يۈز سوپۇنى ۋە چىش يۇيۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەرنى كۆتەرگەن ھالدا يۈز يۇيۇش ئۆيىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ يۈز يۇيۇش ئۆيىدىكى قىزلارنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. چۈنكى ئۇ سىتودېنتلىق تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلاۋاتقاچقا.

ئۇ بۇ يەردە تۇرۇۋەرسە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ دەرھال قىزلار— نىڭ ئارىلىقىغا قىستىلىدۇ.

نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان قىزلار ئۇنىڭغا غەزەپلىك ئەلپازدا قاراپ قويىدۇ، لېكىن بىر نەرسە دېمەيدۇ.

ئۇ، چاققانلىق بىلەن قولىنى جۈمەكتىن چۈشۈۋاتقان سۇغا تۇتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قىز قولىنى جۈمەكتىن چۈشۈۋاتقان سۇغا تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ ئۆز قو— لىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغان ئاينۇرنىڭ قولىنى كۆرۈپ يالغا ئىتتىرىۋېتىپ يۈز يۇيۇشقا باشلايدۇ.

ئاينۇر بۇنىمۇ ھېچقانداق ھاقارەت دەپ قارىمايدۇ.

ئۇ سوپۇنىي يۈزىگە بولۇق سۈردى، ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاپئاق بولۇپ كەتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا بىر قول ئۇنىڭ يۈز سوپۇنى ۋە چىش يۇيۇشقا ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەينىگە چېكىنىدۇ. ئېھتىمال بۇ قولنىڭ ئىگىسى قۇۋلۇقتا چېكىگە يەتكەن كونا ئوقۇغۇچى بولۇشى مۇمكىن.

ئاينۇر يۈزىدىكى سوپۇن يۇقىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن چىشىنى چوتكىلىماقچى بولۇپ قولىنى ياندا سوزدى. لېكىن ئاينۇر قولىنى سوزغان جايدا ھېچنىمە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ ياندىكى قىزلارغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— مېنىڭ بۇيەردىكى نەرسىلىرىمنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورايدۇ.

قىز: ياق، مەن كۆرمىدىم، قىزلار بىر-بىرىنىڭ نەرسىسىنى ئالمايدۇ. سىز يالغان سۆزلەۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

ئاينۇر: قانداقسىگە يالغان بولسۇن، مەن ھازىرلا ئىشلەتكەن، بىردەمنىڭ ئىچىدە يوق.

ناتونۇش قىز مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ يۈز يۇيۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

— ئەخلاقسىزلار! — دەيدۇ ئاينۇر يۈزلىرىنى سۈرتكەچ.

ئۇ يۈز يۇيۇش ئۆيىدىكى قىزلارغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

**15. گۈلشەنلەرنىڭ ياتىقى، ئەتىگەن.**

گۈلشەن دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان ئەينەككە قارىغان ھالدا ئۆزىنى ياسىماقتا. ئۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىنى، لېۋىنى بويىماقتا. ئۇ ئەينەكتە ئەكس ئېتىۋاتقان چىرايىنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزىدىن مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ.



سەلىمە چاچلىرىنى تارىغاچ:

— بولدى، گۈلشەن، بەك چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭ! — دەيدۇ.

گۈلشەن ئۆرۈلۈپ سەلىمىگە قارايدۇ:

— سەن ئادەمنى مەسخىرە قىلما جۇمۇ!

سەلىمە: مەسخىرە قىلمىدىم، ھەقىقىي ئەھۋالنى دەۋاتىمەن.

گۈلشەن: سېنىڭچە مەن قانداقراق؟

سەلىمە ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن كىتاب-ماتېرىياللىرىنى ئالغاچ جاۋاب بېرىدۇ.

— سەن راستىنلا گۈزەل. ئەگەر شىياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان گۈزەللەرنى تاللاش مۇسابىقىسىغا قاتناشساڭمۇ چوقۇم بىرىنچىلىككە ئېرىشەلەيسەن.

بىر قىز ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— ئۇ چاغدا گۈلشەن شىياڭگاڭلىق بولۇپ كېتىدۇ، — دەيدۇ.

گۈلشەن ئۇنى قوغلايدۇ.

قىز ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقىشى بىلەن ئىشىكنى يېپىۋالىدۇ.

گۈلشەن چامادانىنى ئاچقاچ:

— ھازىرقى دەۋردە قىزلارنىڭ سەت بولۇپ قېلىشى خەتەرلىك ئەھۋال، مۇنداق قىزلارغا يىگىتلەر قىيا كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ، — دەيدۇ.

— چاققان بولە! — دەيدۇ سەلىمە ئالدىراپ.

گۈلشەن چامادانىدىن بىر ئەلبۇمنى ئالىدۇ — دە، چامادانىنى قۇلۇپلايدۇ:

— ھازىر مەركەزنىڭ مەيلى قىز بولسۇن، مەيلى چوڭ ئايال بولسۇن لەۋلىرىنى قىزارتىپ، كۆزلىرىنى بوياپ يۈرۈش ھەققىدە مەخسۇس باياناتى بولسىمۇ، لېكىن بەزىلەر يەنە ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋاتىدۇ. مۇنداقلارنى توپ توقىغا تۇتۇپ قىرىۋەتسىمۇ جىنايەت بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مەركەزنىڭ باياناتىنى ئاڭلىماي لاغايلاپ يۈرۈۋاتىدۇ.

گۈلشەنگە ساقلاپ تاقىتى — تاق بولغان سەلىمە:

— پەقەت ئۇن مىنۇت قالدى. چاققان بولمامسەن!؟ — دەيدۇ.

گۈلشەن: مەن ھازىرلا تەييار بولىمەن، نېمىگە ئالدىرايسەن. ھازىر مۇشۇ بىنانى تەكشۈرۈپ چىقسا ئىسسىق يوتقاندىن چىققۇسى كەلمەي ئۇخلاۋاتقان نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىنى تاپالايسەن!

سەلىمە: مەن چىقىپ كەتتىم.

ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

— ھەي... سەلىمە، توختا، توختا!...

گۈلشەن كىتاب — ماتېرىياللىرىنى قولتۇقلىغان ھالدا ئىشىك تەرەپكە يۈگرەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدىكى ئەلبۇم قولتۇقىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ رەسىملەر يەرگە چېچىلىپ كېتىدۇ. گۈلشەن كىتاب — ماتېرىياللىرىنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ رەسىمنى بىر — بىرلەپ تېرىشكە باشلايدۇ.

شۇ ئەسنادا بىر قىز ئىشىك تەرەپكە ماڭىدۇ.

— ھەي، توختاپ تۇر! — دەيدۇ گۈلشەن ھېلىقى قىزغا، — بىللە چىقىپ كېتەيلى!

— ئاران بەش مىنۇتلا قالدى، — دەيدۇ ھېلىقى قىز.

ئۇ ئالدىرىغان ھالدا ياتاقتىن ئايرىلىدۇ.

گۈلشەن رەسىملەرنى تېرىش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتقانىدى. ئۇ ئەركىننىڭ چوڭايتىلغان رەڭلىك رەسىمىنى قولىغا ئېلىپ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا بۇ رەسىمگە زوقلىنىپ قارايدۇ.

ئەركىنىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى.

كۆلشەن چوڭقۇر مۇھەببەت ئىلكىدە رەسىمگە قارىغان ھالدا ئولتۇرۇپ قالغان، ئۇ تۇيۇقسىز ھۇشىغا كەلگەن ئادەمدەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ – دە، ياتاقتا ھېچكىمنىڭ قالمىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

**16. سەلىمەلەرنىڭ سىنىپى، كۈندۈز.**

سىنىپ ئىچىدە رەتلىك ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار.

مۇنبەر ئالدىدا تۇرغان مۇئەللىمنىڭ كۆزى دېرىزە يېنىدىكى بوش ئورۇنغا چۈشىدۇ. ئۇ سالماق قەدەم بىلەن ھېلىقى بوش قالغان ئورۇندا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ:

— يېنىڭىزدا ئولتۇرغان بالا كەلمەپتىغۇ؟

— مەن بىلمەيمەن، – دەيدۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچى، – ئېھتىمال ئۇ كېسەل بولۇشى مۇمكىن.

— ئىسمى نېمە؟ – دەيدۇ مۇئەللىم.

ھېلىقى ئوقۇغۇچى «دىلشات» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

سەلىمە ئازاپلانغان ھالدا بوش مىدىرلاپ قويىدۇ، ئاندىن لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا ئالدىدىكى قەغەزگە بىر نەرسىنى سىزىپ جىم ئولتۇرىدۇ.

**17. دىلشاتنىڭ ياتىقى، كۈندۈز.**

دىلشات ئۈستۈنكى قەۋەت كارىۋاتتا بىخارامان ئۇخلىماقتا.

ياتاق ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ، دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ياتاق ئىچىنى يورۇتۇۋەتكەن.

تۇساتتىن ئىشىك قاتتىق چېكىلىدۇ.

دىلشات ياستۇقتىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرىدۇ. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلىغان ھالدا ئىشىك تەرەپكە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ يەنە بېشىنى ياستۇققا تاشلايدۇ.

ئىشىك يەنە چېكىلىدۇ.

دىلشات ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرىدۇ:

— كىم؟

سىرتتىن «مەن، مەن...» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.

دىلشات ئاۋۋال مايكىسىنى كىيىدۇ. ئاندىن باشقا كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلايدۇ.

**18. سىرت.**

ئىشىك ئالدىدا تۇرغان يىگىرمە ئىككى ياشلاردىكى بىر يىگىت تاقىتى – تاق بولغان ھالدا ئىشىكنى داۋاملىق چەكمەكتە، ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق شورىماقتا،

## 19. ياتاق ئىچى.

دىلشاتنىڭ ئۇيقۇسى بىر پۈتۈن يېشىلىپ كېتەلمىگەن بولۇپ ئۇ ئۈستۈنكى قەۋەت كارىۋاتتىن بىر پۇتىنى تۆۋەنكى قەۋەتكارىۋاتنىڭ چېتىقىش پەللىكىگە قويىدۇ، ئۇنىڭ پۇتى پەللەكىنىڭ قىرغىقىنى دەسسەپ قالىدۇ. ئۇ گەۋدىسىنى پەسكە تارتىش بىلەن پۇتى پەللەكتىن سىيرىلىپ كېتىدۇ-دە، دىلشات يەرگە ئارقىچە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ كاللىسى قارشى تەرەپتىكى كارىۋاتنىڭ جازىسىغا تېگىدۇ. دىلشات قاتتىق ۋاقىراپ تاشلايدۇ. ئۇ شىردىن ئۇيقۇسىغا دەخلى يەتكۈزگەن سىرتتىكى يىگىتنى چايناپ يۇتقۇۋېتىدىغاندەك ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى غەزەپ بىلەن ئاچىدۇ-دە، ئىشىك ئالدىدىكى يىگىتنى كۆرۈپ چىرايىدىكى غەزەپ بىردىنلا تەبەسسۇمغا ئۆزگىرىدۇ.

— ھە، سەنمىدىڭ ئېلىيار! — دەيدۇ دىلشات ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، — جۇرە ياتاققا كىر!

ئېلىيار ياتاققا كىرىدۇ:

— قانداق، ئۇخلايدىغان بولۇپ كېتىپسەن-دە!

— بىكارچىلىق ئاداش، — دەيدۇ دىلشات، — دەرسكە قاتناشساڭ يەنە شۇ تولا خو-تۇننىڭ گەپلىرى، بىرسىنى ماختاۋاتقان، بىرسىنى تىللاپ ھېچنىمىگە يارىماس بىر نەر-سىگە ئوخشىتىپ قويۇۋاتقان. مۇنداق دەرسنى سەن ئاڭلىساڭمۇ ئىككى كۈندىلا قۇلىقىڭ-نى ئىتتىسۇ پلىپ مەندەك ئۇخلايسەن.

ئۇ ئۆزىچە قاتتىق كۈلۈپ كېتىدۇ.

ئېلىيار: شۇڭا مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان. سەن ئاڭلىغان دەرسنى ئۆمۈر بويى ئاڭلىمايمەن ھەمدە ئاڭلاشنى خالىمايمەن قانداق دىدىم؟

— توغرا، توغرا، سېنىڭ توغرا! — دەيدۇ دىلشات، — سېنىڭ ھەقىقەتەن ئەقلىڭبار ئېلىيار، ئەسلىدە ئەخمەق ئادەم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. گۇاڭجۇدا ئالىي مەكتەپ-تە ئوقۇشتىن كاز كاۋىپى سېتىشنى ئەلا كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ھېسابسىزمىش.

ئېلىيار: پۇل بولسا ھەممە نەرسەڭ بولىدۇ دېگەن شۇدە!

دىلشات: مەن يۈزۈمنى يۇيۇپ كىرەي، ئاندىن پاراڭلىشايلى.

ئۇ بىر دانە لۆڭگىنى مۈرىسىگە سالغان ھالدا ياتاقتىن چىقىپ كېتىدۇ.

## 20. تەنتەربىيە مەيدانى، كۈندۈز.

دائىرىسى خېلىلا كەڭ بولغان تەنتەربىيە مەيدانىدا بىر نەچچە توپ ئوقۇغۇچىلار ھەربىي مەشق ئېلىپ بارماقتا. بىز بۇنىڭدىن بۇلاردىن پۈتۈنلەي يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. كۆرۈنۈش يېقىنلاپ ئاينۇرلارنىڭ سىنىپى گەۋدىلىنىدۇ. قىز-ئو-غۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سىلتىق تۇتقان، ئۇلار توختىماي ماڭماقتا.

ئاينۇرنىڭ چىرايىدىن چىمىلداپ تەر ئاقماقتا.

گۈزەل توپا بىلەن بۇلغانغان كىيىملىرىگە قاراپ كومىساندا بىرنۇۋاتقان جەگچىگە پات - پات ئالىيىپ قويىدۇ.

ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى سىندىپ تەربىيىچىسى سالى بىر ياندا تۇرۇپ ئۇ - لارنى كۈزەتمەكتە. ئۇ ئاينۇرنىڭ بۇ مەشقتە تولىمۇ قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ - ىنى خۇرسىنىدۇ.

كوماندىرنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلار يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەيدۇ. گۈزەل بۇنىڭغا چىدىيالماي، سەپتىن ئاستا ئايرىلىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالىدۇ، باشقىلار ئۇ - زاپ كېتىدۇ.

سىزگە نېمە بولدى؟ - دەيدۇ سالى.

— سالى مۇئەللىم! - دەيدۇ گۈزەل، - مەن بۇ مەشقە قاتناشمايمەن.

سالى: نېمىشقا؟

گۈزەل ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ سالىنىڭ كۆزىگە تىكىلىدۇ.

گۈزەل: كىيىملىرىم پۈتۈنلەي كاردىن چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇت-قوللىرىمنىڭ ھەممىسى يېغىر بولۇپ كەتتى. مۇنداق جاپا تارتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يا بىز ئۇرۇشقا قاتناشمىساق، تەلۋىلەرچە توپىدا ئېغىنا قىلىشنىڭ پايدىسى بارمۇ؟

سالى: مەكتەپكە كەلگەن ھەر بىر ئوقۇغۇچى مۇنداق مەشقنى ئىشلەيدۇ. سىز چىد - داشلىق بېرىڭ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئارام تاپىسلەر قارىڭا، ئاينۇر كىچىك تۇ - رۇپمۇ قورقماي ئۆمىلەۋاتىدىغۇ؟!

گۈزەل سەپ ئىچىدە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان ئاينۇرغا قاراپ قويىدۇ، ئاندىن:

— ئۇ دېگەن سەھرالىقكەن! - دەيدۇ قوپاللىق بىلەن.

— گۈزەل! - دەيدۇ سالى غەزەپلەنگەن ھالدا، - سىزنىڭ ئۆز ساۋاقداشلىرىڭىزنى ھاقارەتلەشكە قانداق تىلىڭىز باردۇ؟ سىز ئەخلاق دېگەننى بىلەمسىز، سەھرالىق بولسا نېمە بولۇپتۇ؟!

گۈزەل تىرناقلىرىنى تاتىلىغان ھالدا جىم تۇرۇپ قالىدۇ.

سالى: بولدى، بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەي سەپكە قېتىلىڭ!

گۈزەل ئاستا سالىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۆمىلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلار توپى بىراقلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. كوماندىر ئۇ - لارغا تارقىلىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ.

گۈزەل ئالدىغا كۈلۈپ كېلىۋاتقان ئاينۇرغا غەزەپلىك تىكىلىدۇ.

ئاينۇر ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— ئاينۇر!

سالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاينۇر ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

سالى: قىينالدىڭىزمۇ؟

سالىنىڭ بۇ سۆزى ئاينۇرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرىنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ، ئۇ قولى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتىدۇ.

سالى: بىر ھەپتە مەشق قىلساڭلار توگەيدۇ. ئاندىن خاتىرجەم ئوقۇيسىلەر، بەر-داشلىق بېرىلىك، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ! — دەيدۇ ئاينۇر ئىنتىرەككو ئاۋازدا.

ئۇ قولىدىكى ھىلتىنىقنى مۇرىسىگە ئاسىدۇ.

ئىككىيلەن دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

سالى مۇئەللىم ئاينۇرغا بىر نەرسىلەرنى سۆزلەپ چۈشەندۈرمەكتە.

## 21. ئەدەبىيات پاكولتېت ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدى، چوش مەزگىلى.

ئوقۇغۇچىلار بىنا ئىشىكىدىن يامراپ چىقماقتا.

ئۇلارنىڭ چۈشلۈك تاماققا ماڭغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

گۈلشەن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر مۇئەللىم بىلەن بىنا ئىشىكىدىن چىقىپ كېلىدۇ.

— جاپپار مۇئەللىم! — دەيدۇ گۈلشەن، — مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالامغا سىز يېتەكچىلىك قىلامسىز؟

جاپپار: سىزنىڭ تاللىغان تېمىڭىز يېڭىكەن، گۈلشەن، مەن قىزىقىپ قالدىم، شۇڭا بىۋاستە سىزگە يېتەكچىلىك قىلماقچى. ماقالىڭىزنىڭ مەزمۇنىغا ئائىت ماتېرىياللار مەندە بار. مەن سىزگە كۆپ ياردەم بېرىمەن.

— بەك ياخشىغۇ! — دەيدۇ گۈلشەن خۇشاللىق بىلەن.

جاپپار: بىز داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرايلى.

گۈلشەن: بولىدۇ، مۇئەللىم!

ئۇلارنىڭ گەۋدىسى بىنا ئالدىدىن يىراقلايدۇ.

## 22. ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى، كۈندۈز.

ئاشخانا ئىچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق تولغان.

بىر ياندىكى جوزىلاردا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشقان، بىر ياندىكى جوزىلاردا قىز ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشقان.

گۈلشەن بىر قاچا مىيفەننى كۆتەرگەن ھالدا قىزلار ئولتۇرۇشقان جايغا كېلىدۇ. ئۇ بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ئەتىراپىغا تەكشى قارايدۇ-دە، چەتتىكى جوزىدا تاماق يەپ ئولتۇرغان ئاينۇرغا كۆزى چۈشىدۇ. ئۇ ئۇدۇل ئاينۇرنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، ئاينۇر گۈلشەننى كۆرمەيدۇ. ئۇ بىر قوشۇق تاماقنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇشىغا گۈلشەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى ئۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاينۇر ئەندىكىپ كېتىدۇ، ئۇغەزەپ بىلەن ئارقىغا قارايدۇ-دە، ئالدىدا كۈلۈپ تۇرغان گۈلشەننى كۆرىدۇ.

— ھۇ سىزنىڭ ئىمە قىلغىنىڭىز؟ — دەيدۇ ئاينۇر.

گۈلشەن قاچىسىنى جوزىغا قويىدۇ:

— قورقماڭ ، ئايغۇر، سىزنى سىناپ باقتىم، — دەيدۇ ئۇ كۈلۈپ، — قارىغاندا تەلىيىڭىز يوقتەك قىلىپ تۇرىدۇ .

ئايغۇر: نېمىدىن ؟

بىر يالداما دەپ تاماق يېيىش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن زەينەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— نېمىدىن تەلىيىڭ يوق بولاتتى، مۇھىم بىر نەرسىدىن، سەن مۇندىن كېيىن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىدىن، — دەيدۇ ئاغزى . ئاغزىغا تەگمەي، ئاندىن ئۇ قولى بىلەن ئولتۇرغان تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ قويىدۇ. قىزلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىدۇ .

ئايغۇر قىزلارغا بىر خىل ساددە كەيپىيات ئىچىدە ئەجەبلىنىپ قارايدۇ، ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا:

— مەن تەلەي سىناشنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇ دېگەن بىر شەيتان ئويۇنى — دەيدۇ.

كۈلشەن: ئۇنداقتا نېمىنى ياخشى كۆرىسىز ؟

ئايغۇر: ئاتا — ئانامنى ياخشى كۆرىمەن، مەكتەپنى ياخشى كۆرىمەن، ساۋاقداشلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئەللىمنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن قانداق ؟

قىزلار ئايغۇرنىڭ بۇ ساددە پىكرىدىن تېڭىرقىشىپ كۈلىدۇ .

كۈلشەن: سىز بۇ نەرسىلەرنى بىر مەزگىللەردىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىسىز، ئۇ چاغدا سىز ياخشى كۆرىدىغان نەرسە چوقۇم باشقا بولىدۇ .

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دەيدۇ ئايغۇر غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — دائىما مۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولماڭ . مەن ھەرگىزمۇ ئۆزەم ياخشى كۆرىدىغان نەرسىدىن كېچەلمەيمەن .

قىزلار ئايغۇرنىڭ راستىنلا خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈن — تۈنسىز ھالدا تاماق يېيىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ .

**23 . مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئالدىدىكى كوچا، كۈندۈز .**

كوچا بويىدىكى پىيادىلەر يولىدا ئادەملەر ئۇيان — بۇيانغا توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ.

بىر جايدا ياشلار غۇژمەك بولۇپ تۇرۇشقان .

ئاپپارات چېكىنگەندىن كېيىن بىز بۇ توپلىشىپ تۇرۇشقان ياشلارنىڭ بىليارد ئويۇنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بايقايمىز .

دىلشاتنىڭ ساقا تۇتقان قوللىرى سۇس تىترەيدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەيۈسلىنىش ۋە شۇنىڭغا ئارىلىشىپ كەتكەن يوشۇرۇن غەزەپنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن، ئۇ نىشانغا ئالغان ئۇرۇق تۆشۈككە چۈشمەيدۇ .

— بىر يالدا ئۇنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ تۇرغان ئېلىيار ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى بايقايدۇ، ھەيەم بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقىدۇ ۋە بۇ جايدىن ئۈن — تۈنسىز كېتىپ قالىدۇ .

قارشى تەرەپ ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇقنى پەم بىلەن جايىغا چۈشۈرىدۇ. دىلشات بوشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلمىش تەس ئەمەس، ئۇ ئەتراپىغا جىددىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتىدۇ. لېكىن ئېلىيار كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ لېۋىنى بىر چىشلەيدۇ-دە، قارشى تەرەپنىڭ كۆزىگە تىكىلىدۇ.

قارشى تەرەپنىڭ تەكەببۇرلۇق قاپلىغان چىرايى.

دىلشات: مەن سىزگە كېيىن بەرسەم قانداق؟

— كېيىن! — دەيدۇ قارشى تەرەپ، — مەن مۇنداق يالغان ۋەدىلەرگە ئىشىنىدىغان ئادەم ئەمەس، ھازىر چىقار!

دىلشات قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ.

بىلىياردنىڭ ئىگىسىمۇ دىلشاتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىدۇ:

— پۇلۇڭ يوق ئادەم نېمىشقا ئوينايسەن، ھۇ ھارامزادە!

— چىقار، پۇل چىقار!

— يوق ئاكىلار، ھازىر يېنىمدا بىر پۇڭمۇ يوق؟! — دەيدۇ دىلشات يالۋۇرۇپ، — ئەسلى ئۇتتۇرۇۋەتسەم پۇلنى ئاغىنەم تۆلىمەكچى بولغان، ئۇ كېتىپ قاپتۇ، بىر قېتىملىقنى كەچۈرۈۋەتسەڭلار.

— كەچۈرۈۋەتسەڭلار؟! — دەيدۇ قارشى تەرەپ ھۆكىرەپ، — بۇ دېگەن پۇلنىڭ ئىشى، پۇلغا چاخچاق قىلىپ يۈرۈپسەن — دە تېخى!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ دىلشاتنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت ئاتىدۇ.

دىلشات سەنتۈرۈلۈپ ئارقىغا ئۈچۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەندە بىر تېپىك ئۇنىڭ مەيدىسىگە تېگىدۇ. ئۇ يەنە يىقىلىدۇ.

باشقىلار يەنە بىلىيارد ئويۇنىنى باشلىۋېتىدۇ. دىلشاتنىڭ يېنىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرىدۇ، — دە كوچا بويلاپ كېتىپ قالىدۇ.

## 24. ئاينۇرنىڭ ياتىقى، كۈندۈز

ئاينۇر ئۆز كارىۋىتىدا يوتقانغا يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرمەكتە. گۈزەل قاتارلىقلار بىر نەرسە ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلماقتا.

— بولدى، بولدى، ھەممىڭلار جىم بولۇڭلار، — دەيدۇ گۈزەل، — مەن ياتاق باشلىقى بولغاندىكىن ئۆزەملا ئېلان قىلاي.

ھەممەيلەن جىمىيدۇ.

گۈزەل: مۇنداق گەپ. بىزگە ئىناۋەت مۇھىم، شۇڭا باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلماسلىقى ئۈچۈن ياتاققا ئىككى چايدان، بىر دەزمال، بەش دانە پىيالە، بىر دېرىزە پەردىسى، ھە، يەنە ئەينەك، جاۋۇر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالىمىز.

ئاينۇر كىتابىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ گۈزەلگە قارايدۇ.

— تولۇق بولمىدى، — دەيدۇ زەينەپ، — بىر دانە كىچىك ئۈنئالغۇ ئالايلى، شۇنداق قىلساق باشقىلارنىڭ ئالدىدا گەپچىمىز چوڭ بولىدۇ، ھازىر ھەممىمىزنىڭ پۇلى بار، مۇشۇنداق پۇرسەتتە ھەممىنى تولۇقلىۋالايلى. قانداق دېدىم.

ھەممەيلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— شۇنداق قىلايلى... شۇنداق قىلايلى...!

ئاينۇرنىڭ قوللىرى تىترەيدۇ. ئۇ سائەتسىز بىلىكىنى ئاستا سىلاپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىكى كىتاب يەرگە پاققىدە قىلىپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

ھەممەيلەن ئاينۇرغا قارايدۇ.

ئاينۇر كارىدۋاتتىن پەم بىلەن چۈشۈپ كىتابنى ئالىدۇ.

— ئاينۇر، بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلىدىغانسەن؟ — دەيدۇ زەينەپ.

گۈزەل ئىستاكاندىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ:

— ھازىر دېھقان خەق باي بولۇپ كەتتى. ئاينۇرنىڭ پۇلى كۆپتۇ دەيمەن. شۇڭا بىزگە گەپ قىلمايدۇ! — دەيدۇ مەسخىرە ئارىلاش.

— مەن ھېسابلاپ چىقتىم، — دەيدۇ بىر قىز.

گۈزەل: قانچىلىكتىن چىقىرىدىكەنمىز؟

ھېلىقى قىز: ئون سەككىز يۈەن.

ئاينۇرنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولىدۇ.

گۈزەل: بوپتۇ، مۇنچىلىك پۇلنى چىقىرىش ھەممىگە ئېغىر كەلمەيدۇ. شۇنداقمۇ ئاينۇر؟

ئاينۇرنىڭ چىرايىدا نەخۇشاللىنىش، نەغەزەپلىنىش تۇيغۇسىنى بىلمىش تەس.

گۈزەل: گەپ قىلمامسەن؟

ئاينۇر لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا يەرگە قارىغىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كېتىدۇ.

— ئۇ سارالڭ بولغان ئوخشايدۇ! — دەيدۇ گۈزەل، — پۇل چىقىرىش تەس كەلدىمۇ-يا؟

باشقىلار سۈكۈتكە چۈشكەن ھالدا جىم تۇرۇشماقتا.

25. كارىدور.

قىزلار كارىدوردا ئالدا-سالدا مېڭىپ يۈرمەكتە.

ئاينۇر كۆزلىرىدىن قۇيۇلىۋاتقان ياشلارنى ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا كارىدوردا كەلمەكتە. ئۇنىڭ ياغلىقى بويىنىغا سىرىلىپ چۈشۈپ قالغان.

ئۇ كارىدورنىڭ بېشىدىكى «403» نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ.

ئۇ ئىشىكنى چېكىدۇ.

ئىشىك ئېچىلىپ بوسۇغىدا گۈلشەن پەيدا بولىدۇ.

— كىرىڭ ئاينۇر، — دەيدۇ گۈلشەن.

ئاينۇر ئاستا قەدىمىنى يۆتكەيدۇ.

26. ياتاق ئىچى.

ئاينۇر ياتاققا كىرىدۇ.

— قېنى ئولتۇرۇڭ!

ئاينۇر كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان گۈلشەننىڭ ئۇپا - ئەڭلىك قۇتىلىرىغا چۈشىدۇ.

گۈلشەن ئاينۇرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلمايدۇ. ئۇ چامادان ئۈستىگە قويۇلغان ئۈنئالغۇغا دەي سالىدۇ. ئاندىن:

— سىزگە تانسا ئۆگىتىپ قوياي، — دەيدۇ.

ئاينۇر خىيال سۈرگەن هالدا جىمجىت ئولتۇرماقتا.

ئۈنئالغۇدىن تانسا مۇزىكىسى ياڭراپ تۇرىدۇ.

گۈلشەن: سىزگە نېمە بولدى؟

ئاينۇر: هېچنىمە!

— تۇرۇڭ! — دەيدۇ گۈلشەن، — ئۇنداقتا تانسا ئوينايمىز.

ئاينۇر ئورنىدىن تۇرىدۇ.

گۈلشەن: مەن يىگىت بولۇپ سىزنى ئايلاندۇرىمەن، ماڭا ماسلىشىپ بېرىڭ — هە؟!

ئاينۇر تۇنجى قېتىم تانسا ئويناۋاتقاچقا پۇتلىرى مۇزىكىغا چۈشمەيدۇ.

— ئەجەپ تەسكەن، — دەيدۇ ئۇ، — قانداق ئۆگىنىمەن؟

گۈلشەن: يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ بېقىڭ، هەر كۈنى ئاخشىمى مەشق قىلىۋاتىدۇ، سىز باشقىلاردىن كېيىن قالماسلىقىڭىز لازىم. بولامدۇ؟

ئاينۇر زورىغا كۈلۈپ قويىدۇ.

گۈلشەن ئاينۇرغا پوكوس ئېلىشنى ئۆگەتمەكتە.

گۈلشەن: يەنە ئېيتىپ قوياي، كىيىملىرىڭىزنى پات - پات ئالماشتۇرۇڭ، قىزلار يېڭى مودىدىكى كىيىملەر چىققان هامان سېتىۋالىدۇ. بۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادىتى. قانداق دېدىم؟!

ئاينۇرنىڭ قەدەملىرى توختاپ قالىدۇ.

ئاينۇر: مەن ئۇنداق قىلمايمەن. مېنىڭ يېڭى كىيىملەرنى سېتىۋېلىشقا پۇلۇم يوق.

— پۇلۇم يوق! — دەيدۇ گۈلشەن بوش ئاۋازدا، — بىچارە قىز!

ئاينۇرنىڭ كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تارام - تارام ياشلار گۈلشەننىڭ قەلبىنى ئۆرتەيدۇ.

ئۇ ئۈنئالغۇنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىۋېتىدۇ.

27. كىچىك ماگىزىن، كۈندۈز.

ماگىزىنغا ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ.

دىلشات پۆكەيگە يۆلىنىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ كۆزلىرى جازىغا تىزىپ قويۇلغان ها-

ۋاق پۈكە يىلىرىنى كۆزەتمەكتە.

پىركازچىنىڭ قىز بىر خېرىدارلى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاستا دىلشاتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. قىز دىلشاتنىڭ چىرايىدا «بىر نەرسە ئالامسىز» دېگەن ئىپادە ئەكس ئەتمەكتە.

دىلشات لەۋلىرىنى چىشلەپ، كۆزلىرىنى قىسىپ قويغاندىن كېيىن:

— ھاراقتىن بىرنى بېرىڭ، — دەيدۇ.

قىز بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ دىلشاتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

دىلشات: ھاكېزىنىڭلارغا يەنە بىر نەچچە قىز كېرەككەن جۇمۇ! سىز بەك يالغۇزلۇق قىلىسىز...

قىز جاۋاب بەرمەيدۇ.

دىلشات: سىزگە تېخى تىل چىقمىغان ئوخشىمامدۇ؟ مەكتەپكە بېرىپ بىر نەچچە يىل ئوقۇسىڭىز بولىدىغۇدەك.

— تىل چىقتى دەپ سىزگە ناخشا ئېيتىپ بەرسەم بولامتىمۇ؟ ئېلىڭىزغا ھارىقىڭىزنى، — دەيدۇ قىز ئاچچىقلاپ.

دىلشات: كەچۈرۈڭ قىزچاق، ماڭا پەقەت بىر دانە رومكا بەرسىڭىزلا ئەمەسكۈلۈك ۋەزىپىڭىز ئاخىرلىشىدۇ.

قىزچاق بىر دانە رومكىنى دىلشاتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. دىلشات قىزنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قارايدۇ. ئاندىن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچىدۇ.

28. نۇرلۇق يول، كوندۇز.

گۈزەل نۇرلۇق يولدا توختىماي قاتناۋاتقان ماشىنىلار، ۋېلىسىپىتلەر، ئادەملەر ئېقىمىنى، شەھەر كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەد كۆتىرىپ تۇرغان بىنالار.

29. ئاپتوبۇس ئىچى.

ئاپتوبۇس ئىچىدە ئادەم شالاڭ.

گۈلشەن بىلەن ئاينۇر ئارقا رەتتىكى ئورۇندۇقتا يانمۇ-يان ئولتۇرغان.

ئاينۇرنىڭ كۆزى دېرىزىدىن سىرتقا تىكىلگەن.

— تەسىرلىنىۋاتامسىز؟ — دەيدۇ گۈلشەن.

ئاينۇر: نېمىدىن؟

گۈلشەن: بۇ گۈزەل شەھەردىنچۇ؟

ئاينۇر بىر دەم جىم ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئاندىن كەسكىن قىلىپ:

— بۇ شەھەر يامان ئەمەسكەن. لېكىن بىزنىڭ يېزىمۇ بۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ، يېزىمىز ياخشى! — دەيدۇ.

گۈلشەن ئاينۇرنىڭ پۇتىغا دەسسەپ قويىدۇ.

ئاينۇر سوئال نەزىرى بىلەن گۈلشەنگە قارايدۇ.

— مۇنداق يەرلەردە يېزىنىڭ پارىڭىنى قىلماڭ، خەق مەسخىرە قىلىدۇ.

ئۇقتىڭىزمۇ؟- دەيدۇ.
ئاينۇر قەستەن سورايدۇ:
— نېمىشقا مەسخىرە قىلىدۇ؟
— مېنىڭ كېيىمىنى ئاڭلا!- دەيدۇ كۈلشەن ئاچچىق قىلىپ.
ئاينۇر جىم بولۇپ قالىدۇ.

### 30. ئەدەبىيات پاكۇلتېت ئىشخانىسى، كۈندۈز.

ئىشخانا ئىچىدە سالى مۇئەللىم بىلەن يەنە بىر ئايال بار.

سالى ئالدىدىكى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى يېزىلغان داپتەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق پۇلىنى بېكىتىش جەدۋىلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەكتە. ئۇنىڭ كۆزى ئاينۇرنىڭ رەسىمى چاپلانغان بەتكە چۈشۈش بىلەن جىددىيلىشىدۇ ھەم بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

— بۇ نېمە ئىشتۇ؟- دەيدۇ سالى دېرىزە يېنىدىكى جوزىدا ئولتۇرغان ئايالغا قاراپ. ھېلىقى ئايال «نېمە ئىش» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا قارايدۇ.

سالى: ئاينۇر دېگەن قىزنىڭ دادىسى تۇرمىدىكەن!

— تۇرمىدە؟- دەيدۇ ھېلىقى ئايال ئەجەبلىنىپ.

سالى: ئەجەپ ئىش...



ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ ئوت تۇتاشتۇرىدۇ.

ھېلىقى ئايال: ئاينۇر سىزگە ھەقىقىي ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىغانمۇ؟

— ياق!- دەيدۇ سالى ئېغىر تىنىپ،- ئېھتىمال خىجىل بولغاندۇ. قىزلار مۇنداق ئىشلاردا بەك ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز.

ھېلىقى ئايال: قارىغاندا ئۇ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ئانچە پاك بولمىغان بىر جىنايەتچىنىڭ قىزى-كەن-دە! بۇنداق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. يانچۇقى بوشاپ قالغاندا تۇرمۇش ياردەم پۇلى تەلەپ قىلىۋاتقان، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى پەش قىلىپ يىغلاۋاتقان، بۇ ۋاسىتا قاملاشمىغان ئەھۋال-دە! مۇنداق-

لارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ تۈگەتكىلى بولىدۇ دەمسىز؟

سالى غەزەپلىنىدۇ:

— سىز مۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، رەيھان، ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ كەلدى. ئۇلارغا ھەم ئاتا ھەم ئانا بولۇش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.

رەيھان: شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچىنى سىز قۇتقۇزۇپ كېتەلەمسىز؟

سالى ئوتى ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىنى تاشلىۋېتىپ رەيھانغا تىكىلىپ قارايدۇ، ئاندىن:

— سىز ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز! — دەيدۇ — دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

**31. سەتىراچخانا، كۈندۈز.**

ئۇدۇل تامدىكى تاش ئەينەكتە ئاينۇرنىڭ چىرايى گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا ئۈزلۈكسىز ھالدا ھېسسىيات ئۆزگىرىشى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. گۈلشەن بىر ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان. ئۇ سەتىراچخانىنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن سىرتقا قارىماقتا.

ئاينۇر قايرىلىپ گۈلشەنگە غەزەپلىك قاراپ قويىدۇ.

سەتىراچ ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۇ قايچىنى ئېلىپ بىر قولى بىلەن ئاينۇرنىڭ چېچىنى تۇتىدۇ.

ئاينۇر قايچىنى كۆرىدۇ — دە، چىرايى ئۆزگىرىدۇ، ئۇ سىلكىنىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ:

— كەستۈرمەيمەن، كەستۈرمەيمەن! — دەيدۇ.

سەتىراچ ئايال ھاڭ — تاڭ بولغان ھالدا ئاينۇرغا قارايدۇ.

ئاينۇر ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چېچىنى سىلىغان ھالدا سەتىراچقا يەر تېگىدىن قاراپ قويىدۇ.

گۈلشەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ — دە:

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — دەيدۇ غەزەپلىنىپ.

ئاينۇر: مەن كەستۈرمەيمەن دېسەم نېمىشقا زورلايسىز ئەمەسە!

گۈلشەن: سىز باشقا قىزلارغا قاراپ بېقىڭ، ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ، بىلىۋاتامسىز؟

— مەن باشقىلارغا ئوخشىمايمەن. مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىلگىنىم يوق! — دەيدۇ ئاينۇر، — مەنمۇ ئۆز خاھىشىم بويىچە ئىش قىلىمەن.

سەتىراچ ئايال بۇ ئىككى قىزنىڭ سۆزلىرىدىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن:

— ئۆزىڭىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، مەن زورلىمايمەن — دەيدۇ.

ئاينۇر بىلەن گۈلشەن بىر — بىرىگە قارىشىپ قويغاندىن كېيىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

**32. كۇتۇپخانا، كۈندۈز.**

كۇتۇپخانىدا ئادەم شالاڭ.

سەلىمە بىلەن ئەركىن بىر جوزىدا قارىمۇ — قارشى ئولتۇرۇپ ژۇرنال كۆرمەكتە،

سەلىمە ۋۇرنالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— ئەركىن! — دېدى پەس ئاۋازدا.
ئەركىن «نېمە گەپ» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا قارايدۇ.
سەلىمە: قاراڭ، گۈلشەننىڭ شېئىرى چىقىپتۇ.
ئەركىن خىجىل بولغان ھالدا ئېگىلىشىپ تۇرۇپ ۋۇرنالغا قارايدۇ.
سەلىمە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەركىنگە قاراپ:
— ئىشىڭلار قانداق بولدى؟ — دېدى مەنىلىك قىلىپ.
ئەركىن: نېمە ئىش؟
— بولدى يوشۇرماڭ! — دېدى سەلىمە، — ئىمكان بار يۇرۇپ قېلىڭلار. گۈلشەن ئۆز ساۋاقداشلىرىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى قىز. بىر-بىرىڭلارغا ماس كېلىسىلەر.
ئەركىن كۈلۈپ قويىدۇ. لېكىن بىر نەرسە دېمەيدۇ.
سەلىمە ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن كۇتۇپخانىنىڭ ئالدىدىكى فونتان كۆلچىكىگە قارايدۇ.
فونتان كۆلچىكى ئەتراپىدا رەسىمگە چۈشۈۋاتقان بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلار.
دەرۋازىدىن دىلشات ئاستا كىرىپ كېلىدۇ.
سەلىمە دىلشاتنى كۆرۈپ دەرھال نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرىدۇ. ئالدىن ئەركىنگە قاراپ:
— مەن سىرتقا چىقىپ كېلەي — دېدى.
ئەركىن باش لىڭشىتىدۇ.

## 33. كۇتۇپخانا ئالدى.

دىلشات دەلدەڭشىگەن ھالدا كۇتۇپخانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى يول تەرەپكە بۇرۇلىدۇ. ئۇ ھېلىلا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك دەلدەڭشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەست بولغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.
يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار دىلشاتقا قاراپ بىر نەرسىلەرنى دېگەن ھالدا كۈلۈشمەكتە.
شۇ ئەسنادا كۇتۇپخانا ئىشىكىدىن سەلىمە يۈگرەپ چىقىدۇ.
— دىلشات!
دىلشات سەلىمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايدۇ.
سەلىمە دىلشاتنىڭ دەلدەڭشىگەن ھالدا كېتىۋېتىپ بارغانلىقىنى كۆرىدۇ-دە، چىرايىدىكى تەبەسسۇم دەرھال ئۆچىدۇ. ئازابلانغان سەلىمە قولىدىكى سومكىسىنىڭ بېغىنى مىجىقلىغان ھالدا پەلەمپەيدىن چۈشىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالىدۇ. ئۇ ئاستا-ئاستا خىيالغا پاتىدۇ.

## 34. كۆكيار رايونى، كوندۇز (ئەسلىمە).

سەلىمەنىڭ ئېكران سىرتىدىكى ئاۋازى :

بىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆكيار رايونىغا پىراكتىكىغا چۈشكەندە ساۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى قويۇقلۇشۇشقا باشلىدى . شۇ كۈنلەردە مەن دىلشاتنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغان ئىدىم ...

سەلىمە بىلەن دىلشات بىر قېلىن ئورمانلىقنى كېسىپ كەلمەكتە ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۆزلىرىگە قارا كۆزئەينەك تاقىغان . باشلىرىدا بولسا شىلەپە بار .

— بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەلكەن ، — دەيدۇ سەلىمە ياجانلانغان ھالدا ، — قارىڭا ، بۇ قېلىن ئورمانلىقتا ساياھەت قىلسىمۇ ، دەم ئالسىمۇ بولغىدەك.

— يەنىچۇ ؟ — دەيدۇ دىلشات سوئال نەزىرى بىلەن سەلىمىگە قاراپ .

سەلىمە بىر جۈپ تىنىق كۆزلىرىنى دىلشاتتىن ئېلىپ قاچىدۇ .

دىلشات : ئەڭ ياخشىسى بۇ يەرنى ئاشىق — مەشۇقلارنىڭ ماكانى قىلسا مۇۋاپىق- مىكىن دەيمەن . ئۇ چاغدا بىز بۇ يەرنىڭ تۇنجى مېھمىنى ھېسابلىنىمىز ، قانداق دېدىم سەلىمە ؟

— نېمە دېمەكچىسىز ؟ — دەيدۇ سەلىمە نارازى بولغان ھالدا .

دىلشات : باشقا پىكرىم يوق ، پەقەت مۇھەببەت تىلىمك ياشلارنىڭ بەختىنى تىلەۋاتىمەن . گۇناھىمدىن ئۆتۈڭ ، ھېسسىيات دېگەن شۇنداق نەرسىكەن سەلىمە .

ئۇ سەلىمىگە قاراپ كۈلۈپ قويىدۇ .

سەلىمە : ئۇنچىلىك ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوققۇ دەيمەن ،

ئۇلار ئورمانلىقتىن چىقىپ بىر سۇلۇق جىلغىغا تاقىلىپ قالىدۇ .

سۈپ — سۈزۈك جىلغا سۈيى ئاستا شىلدىرلاپ ئاقماقتا .

جىلغا بويىدا بىر دېھقان ئات باقماقتا .

— تىنەپكەتمەيلى يەنە ، — دەيدۇ سەلىمە ئەتراپقا قاراپ .

جىلغىنىڭ قارشى تەرىپى تۇتاش كەتكەن تاغلىق بولۇپ يىراقتىن قارىغاندا شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنىدۇ .

دىلشات : ئاۋۇ دېھقاندىن سوراپ باقايلى.

ئۇلار دېھقاننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ .

دېھقان غەيرى كېيىنگەن بۇ بىر جۈپ ئوقۇغۇچىغا ئەيمىنىپ قارايدۇ .

دىلشات : كۆكيار مەھەللىسىگە بارىدىغان يولنى بىزگە دەپ بەرىڭىز ؟

— جىلغىدىن ئۆتسەڭلار ، — دەيدۇ دېھقان قولى بىلەن تاغ تەرەپنى ئىما قىلىپ ، — تاغ بويلاپ كەتكەن يول بار ، شۇنداق ماڭساڭلار بولىدۇ !

— رەھمەت سىزگە تاغا ! — دەيدۇ سەلىمە .

— نەدىن كەلگەن ئەر — خوتۇنسىلەر ؟ — دەيدۇ دېھقان ئۇلارغا قىزىقىپ .

دىلشات بىلەن سەلىمە بىر — بىرىگە قاراپ پىخىلداپ كۈلۈشىدۇ .

دېھقان ئۇلارغا قاراپ ھەيران بولىدۇ .

دىلشات كۈلكىسىنى توختىتىپ :

— تاغا ، بىز ئەر-خوتۇن ئەمەس ، ئوقۇغۇچى! - دەيدۇ.

ئۇ كېپىنى تۈگۈتۈپ ، جىلغا بويىغا ئاياغ سالىدۇ .

سەلىمەمۇ ئاياغ سالىدۇ .

— ئوقۇغۇچى بولسا نېمىشقا ئەر - خوتۇنلاردەك يۈرىدىغاندۇ ؟- دەيدۇ دېھقان ساددىلىق بىلەن،-ياشلاردا راستىنلا ئىنساب قالمىدى . كۈپ - كۈندۈزدە بۇ چەت جايدا يېتىلىشىپ يۈرسە نومۇس ئەمەسمۇ ؟ توۋا خۇدايىم !...

ئۇ ساقاللىرىنى سىلايدۇ .

دىلشات بىلەن سەلىمە سۇ كېچىپ قارشى قىرغاققا كېتىۋاتماقتا .

— سىزنى كۆتەرسەم بوپتىكەن ، - دەيدۇ دىلشات .

سەلىمە: دېھقاننىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ ؟ ئۇلارغا يامان تەسىر بەرگەننىڭ پايدىسى يوق !

دىلشات : ئۇنداق رودىپايلار بىلەن نېمە چاتىقىمىز .

سەلىمە : مۇنداق گەپلەرنى قىلىسىڭىز مەن سىزدىن رەنجىيمەن. دېھقانمۇ ئادەم. دىلشات ئۇلارنى ھاقارەتلەش بەدىلىگە سىز نېمىگىمۇ ئېرىشەلەيسىز ؟!

دىلشات : مەن سىزگە قايىل ، مۇشۇنداق تېرىشسىڭىز ئۇزاق قالمايچوقۇم پارتىيىگە كىرەلەيسىز .

غەزەپلەنگەن سەلىمە :

— دىلشات !- دەيدۇ.

دىلشات : رەنجىدىڭىزمۇ ؟

سەلىمە جاۋاب بەرمەيدۇ ،

ئۇلار قارشى قىرغاققا چىقىدۇ .

— ھېرىپ قالدىڭىز ھە؟ - دەيدۇ دىلشات سەلىمىنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ،- ئەكىلىڭ سومكىڭىزنى مەن ئېلىۋالاي .

سەلىمە قولىدىكى سومكىنى دىلشاتقا بېرىدۇ .

دىلشات : بۇ چەت رايوندا زېرىكىشتىنلا شۇنداق گەپلەر چىقىۋاتىدۇ . چوڭ شەھەر كۆڭۈللۈك، ئويۇن تاماشا بولسا سىزمۇ ، مەنمۇ خۇشال يۈرەتتۇق دەڭا؟ !

— سىز بەزى گەپلەرنى ئويلىماي ئېيتىدىكەنسىز ، - دەيدۇ سەلىمە،- بۇ ئىشىڭىزنى مەن ياقتۇرمايمەن .

دىلشات : پاك قەلبىمنىغۇ ياقتۇرارسىز ؟

سەلىمە كۈلۈۋېتىدۇ . دىلشاتمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا كۈلۈپ تاشلايدۇ .

ئۇلار تاغ باغرىغا قاراپ يول ئالىدۇ .

**35. يول، كۈندۈز.**

ئىككى تەرەپى بىلەن مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان يولدا بىر قارا ماشىنا كېلىۋاتماقتا، قارا ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن بولكىۋاي ئىلگىرىلىمەكتە، يولنىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ يىراقلارغىچە يېيىلىپ ياتقان چوڭ سۈلۈق كۆل ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.

**36. بولكىۋاي ماشىنىنىڭ ئىچى.**

بولكىۋايدا ئون نەچچىدەك قىز ئولتۇرغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە تونۇش بولغان گۈلشەن ۋە سەلىمىلەرنى كۆرۈش مۇمكىن.

ئۇلار بولكىۋاينىڭ ئالدى ئەينىكىدىن قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا ئۆرە تۇرغان ئوغۇللارنى كۆرۈپ چۇقىرىشىدۇ.

قارا ماشىنىنىڭ ئۈستىدە بىزگە تونۇش بولغان ئەركىن ۋە دىلشاتلارنى كۆرۈش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ چىرايىنى خۇشاللىق تەبەسسۇمى قاپلىغان.

بولكىۋاي بوراندەك ئىلگىرىلەپ قارا ماشىنىنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بولكىۋايدا ئولتۇرغان قىزلار دېرىزىدىن قول ئىرىدىنى چىقىرىپ ئارقىدا قالغان قارا ماشىنىغا قاراپ ۋاقىرايدۇ.

ئىككى ماشىنا بىر-بىرىنى قوغلاپ كېتىۋاتماقتا.

ماشىنىلار بارا-بارا ئىلگىرىلەپ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ.

**37. چوڭ زال، كېچە.**

زالنىڭ ئۇدۇل تېمىغا «كۆكيار رايونىغا پىراكتىكىغا چۈشكەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزۇتۇش مۇراسىمى» دېگەن چوڭ خەتلىك پىلاكات چاپلانغان. تام بويلاپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا پىراكتىكىغا چۈشكەن ئوقۇغۇچىلار ۋە كۆكيار رايونىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق زىيالىلار ئولتۇرۇشقان:

جوزا ئۈستىگە خىلمۇ-خىل يېمەكلىكلەر تىزىلغان.

مىكرافۇن ئالدىدا تۇرغان بىر كىشى سۆزلەيدۇ:

— بىز كۆكيار رايونىغا پىراكتىكىغا چۈشكەن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر مەيدان تانسا ئويناپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ جۈپ-جۈپ گەۋدىلەر مەيدانغا چۈشىدۇ.

تانسىغا چۈشمىگەن گۈلشەن تانسا ئويناۋاتقانلار ئىچىدىكى سەلىمە بىلەن دىلشاتقا باقىدۇ. ئىككەيلەن شېرىن ھېسسىيات ئىچىدە بىر-بىرىگە تەلمۈرۈپ قارىغان ھالدا تانسا ئويناۋاتماقتا. ئۇلار ئېكراندا ئالاھىدە كۆرۈنۈش بىلەن كۆرسىتىلىدۇ. گۈلشەن ئۆز كۆڭلىدە ئۇلارغا بەخت تىلەۋاتقاندەك كېيىنكى بولىدۇ.

بىر ياندا ئولتۇرغان ئەركىن پات-پات بويۇنلىرىنى سوزۇپ گۈلشەنگە قاراپ قويىدۇ.

ئاپپاراتتا تانسا ئويناۋاتقانلار ئىچىدىكى دىلشات بىلەن سەلىمىگە توغرىلىنىدۇ.

دىلشات: مەن سىزگە مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىنلا يېقىنلاشمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، تۆت يىللىق ھاياتىمىز بىكارغا ئۆتۈپتۇ جۇمۇ. بۇ يىراق سەھراغا كېلىپ بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمىز ھەقىقەتەن ئادەمنى كۈلدۈرىدۇ، سەلىمە.

— ئەمدى تونۇشقانلىقىمىزمۇ كېچىككەنلىك ئەمەس،- دەيدۇ سەلىمە،- بىز ئۆزىمىزنىمۇ ، مەكتەپنىمۇ ئايىشىمىز لازىم. ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى بولىدۇ، دىلشات.

دىلشات سەلىمىنى يېنىك ئايلاندۇرۇۋېتىپ:

— قاراڭ، سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، ھەر قانداق ئىشتا باشقىلاردىن تېز بولسا تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ. مۇھەببەتمۇ دەل ئاشۇنداق، بۇ مېنىڭ تەجرىبەم، سەلىمە.

سەلىمە: يەنە ئېيتاي، مەن سىزنىڭ مۇنداق قارىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن. سىز بىر ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيدەك پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز بولغىدەك.

دىلشاتنىڭ كەيپى ئۇچىدۇ:

— بىلدىم... بىلدىم... مېنى ھېچ نېمىگە يارىمايدىغان بىر نەرسە دېمەكچىمۇ سىز؟

سەلىمە جاۋاب بەرمەيدۇ.

(ئەسلىمە تۈگەيدۇ)

### 38. كۇتۇپخانا ئالدى.

سەلىمە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدۇ-دە، قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ كۇتۇپخانىنىڭ ئالدىدىن ئايرىلىدۇ.

### 39. جاپپارنىڭ ئائىلىسى، كۈندۈز.

ئازادە مېھمانخانا ئۆي لايىقىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان. ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ، ئادەم يوقلىقىنى بىلىسىز. توساتتىن سىرتتا ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ ئارقىدىنلا ئىشىك قولۇپىغا سېلىنغان ئاچقۇچنىڭ تىرىقشىغان ئاۋازى مەلۇم بولىدۇ.

ئۆيگە جاپپار مۇئەللىم بىلەن گۈلشەن كىرىپ كېلىدۇ.

— قېنى سافاغا كېلىڭ!- دەيدۇ جاپپار قولىدىكى ماتېرىيال سومكىسىنى بىر ياندىكى جوزا ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن.

گۈلشەن سافادا ئولتۇرىدۇ.

— تارتىنماي ئەركىن ئولتۇرۇڭ،- دەيدۇ جاپپار ئىستاكانغا چاي قۇيۇۋېتىپ،- قانداق، مۇشۇ شەھەردە قېلىشنى ئويلاۋاتامسىز؟

گۈلشەن جاپپار مۇئەللىمنىڭ بىرەر ياردىمىگە مۇيەسسەر بولۇش ئىستىكىدە:

— ئۆزەمنىڭ ئارزۇيىغۇ مۇشۇ شەھەردە قېلىش، لېكىن تەقسىماتتىن ئەنسىرەيمەن مۇئەللىم،- دەيدۇ.

— نېمىشقا؟ — دەيدۇ جاپپار چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋالغاندىن كېيىن.

گۈلشەن: ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر تۆۋەنگە قايتۇرۇلۇۋاتسا؟!

جاپپار: بىراق سىز ئۇلارغا ئوخشىمايسىز — دە! بىزنىڭ سىزدەك ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلارنى باياقاش، چوڭ ئىشلارغا قويۇش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئەگەر خالىسىڭىز مەن سىزنىڭ تەخسىماتىڭىزنىڭ ياخشى بولۇشىغا كېپىللىك قىلىمەن. بۇ توغرىدا سىزگە ۋەدە بېرەلەيمەن.

ھاياجانلانغان گۈلشەننىڭ چىرايىنى شادلىق نۇرلىرى قاپلاپكېتىدۇ. ئۇ بۇ قايناق ھېسسىياتلار ئىچىدە نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى جاپپارغا تىكىلگەن.

جاپپار: سىزنىڭ بۇ قېتىم يازماقچى بولغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىاقالىسىڭىز چوقۇم مەكتەپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. مۇشۇنداق ياخشى چاغدا سىزنىڭ نامىڭىزنى ئاڭلايدىغانلار ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ، گۈلشەن!

— جاپپار مۇئەللىم! — دەيدۇ گۈلشەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن سىزگە ئىشىنىمەن. سىز ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇغۇچى بىلەن يامان ئوقۇغۇچىنى ئايرىشقا ماھىر ئىكەنسىز، سىزگە قايىل بولدۇم مۇئەللىم!

جاپپار كىتاب جاۋىنىدىن بىر نەچچە كىتابنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— مانا، بۇلاردىن پايدىلىنىڭ، — دەيدۇ.

گۈلشەن كىتابنى ئېلىپ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ خۇددى ئۆمرىدە مۇئەللىملەر بىلەن مۇنچىلىك ئىللىق مۇناسىۋەتتە بولمىغان ئوقۇغۇچىدەك ئەقلى-ھوشىنى يوقۇتۇپلا قويغان.

جاپپار تاماكىسىنى ئاچچىق شوراپ بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ھەي… ئائىلە ئىشلىرى بېسىۋالدى، — دەيدۇ گېپىنى باشقا تېمىغا يۆتكەپ، — ئۆيدە ئايال كىشى بولمىسا ئەرگە تەس بولىدىكەن، گۈلشەن. بۇ يىل قىرىق ياشقا كىرىپ قالدىم، يا بىرەر بالامۇ يوق.

گۈلشەن جىمجىت ئولتۇرىدۇ.

جاپپار: خالىسىڭىز ئۆيۈمنىڭ ئاچقۇچىنى بېرەي. ماتېرىيال لازىم بولغاندا كىرىپ كۆرەرسىز، مەن كۆپىنچە ئۆيدە بولالمايمەن.

ئۇ يانچۇقىدىكى كۆپ ئاچقۇچنى چىقىرىپ، ھالقىدىن بىر تال ئاچقۇچنى ئاجرىتىۋېتىدۇ-دە، گۈلشەنگە سۇنىدۇ.

گۈلشەن تارتىنىپ تۇرۇپ قولىنى ئۇزارتىدۇ.

ئېكراندا جاپپارنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچقا سۇنۇلغان گۈلشەننىڭ نازۇك قولى كۆرۈنىدۇ. بۇ قول ئاچقۇچنى ئاستا ئېلىپ كەينىگە چېكىنىدۇ.

جاپپار سىرلىق كۆزلىرى بىلەن گۈلشەنگە كۈلۈپ قويىدۇ.

گۈلشەننىڭ چىرايىنى ھاياجان قاپلىغان.

40. ئەدەبىيات پاكۇلتېت ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدى، كۈندۈز.

سالى مۇئەللىم بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىنا ئىشىكىدىن چىقىپ كېلىدۇ. ئاينۇر، زەينەپ، گۈزەل قاتارلىق قىزلار سالى مۇئەللىمگە ئەگىشىپ پەلەمپەيدىن چۈشىدۇ.

— سالى مۇئەللىم! — دەيدۇ گۈزەل. ئۇنىڭ بىر نەرسىدىن قاتتىق خاپا بولغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

سالى: گېپىڭىز بارمۇ؟

گۈزەل: مېنىڭ تاماق پۇلۇم ئۈستۈن باھالىنىپ قاپتۇ، مەن بۇنىڭغا رازى بولمايمەن. نەق مەيداندا ئەھۋالنى ئېيتاي دېسەم سىزنىڭ يۈزىڭىزنى دەپ قالدىم. سىز بۇ ئىشنى توغرا قىلماپسىز؟

باشقا قىزلار بىر سالى مۇئەللىمگە، بىر گۈزەلنىڭ قوپاللىقىغا ئىككى خىل ھېسسىيات ئىلكىدە قاراپ تۇرىدۇ.

سالى: بۇ ئىشتا ئائىلە ئىقتىسادىنى ئاساس قىلدۇق. گۈزەل، سىز جەدۋەلنى قانداق تولدۇرغانلىقىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

گۈزەل: جەدۋەلنى دادام بىلەن كونا زىددىيىتى بار بىر كادىر تولدۇرۇپتىكەن. بىز ئۇ چاغدا بۇنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالغان. مۇنداق بولىدىغانلىقىنى زادى ئويلىماپتىكەنمەن.

سالى: ئەگەر سىزنىڭ تاماق پۇلىڭىزنى تۆۋەنلەتسەك ئاينۇردەك قىزلارنى قانداق قىلىمىز؟ ئاشۇنداق قىزلار پۇل تۆلەپ ئوقۇسا سىزچە بولامدۇ؟

ئاينۇر ھودۇقۇپ تۇرالماي قالىدۇ:

— مۇئەللىم... مەن...مەن... مەن... تۆلەي...!...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى بۇتتۇرۇۋىتىدۇ.

سالى لاپ قىلىپ ئاينۇرغا تىكىلىدۇ.

ئاينۇر پۇتى بىلەن يەرنى سىجاپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا جىمجىت تۇرماقتا.

گۈزەل: بىز ھەممىمىزلا ئوقۇغۇچى، مۇئەللىم. بەزىلەر دولەتنى چىقىرىپ يۈرگەن بىلەن پۇلى كۆپ، ھەر ئايدا ئۆيىدىن پۇل ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. ئەسلىقائىدىدە مۇشۇنداقلار تۆلەپ ئوقۇشقا تېگىشلىك، لېكىن ھازىر ھەقىقەت دېگەن نەرسە يوق ئوخشايدۇ.

ئۇ شۇنداق دېگەچ ئاينۇرغا قاراپ قويىدۇ.

سالى: ئۇنداقتا مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلسام توغرا بولىدىكەن-دە!

گۈزەل جاۋاپ بېرەلمەي جىم تۇرۇپ قالىدۇ.

41. سىنىپ، كۈندۈز.

دىلشات بىلەن سەلىمە سىنىپنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرمەكتە.

دىلشات پات-پات جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتقان سەلىمىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويىدۇ. ئۇ كىتابىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۇيان-بۇيان ۋاراقلايدۇ. سەلىمە قادىلىپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرمەكتە.

دىلشات ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىر بىر ئەسنەۋەتكەندىن كېيىن:

— ياچاققا نېراق پۈتمىدى بۇ مەكتەپ، خۇيمۇ زېرىكتىم، — دەيدۇ سەلىمىگە قاراپ.

سەلىمە جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتابىنى كۆرۈۋېرىدۇ.

— سەلىمە! — دەيدۇ دىلشات.

سەلىمە كىتابىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دىلشاتقا قارايدۇ.

دىلشات: تۇرۇڭ، سىرتلارنى ئايلىنىپ كىرەيلى...

سەلىمە: سىنىپقا ھازىرلا كىرگەن تۇرساق...

— ھەي... ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا ئۆزىڭىزنى قىيناپ نېمە قىلىسىز. ئاخىرقى يىللارنى دېگەنچۇ، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش كېرەك. ھەممە ئىشنىڭ قىلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. سەلىمە! — دەيدۇ دىلشات ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ.

سەلىمە: مەن مۇنداق قارىمايمەن.

— شۇڭا سىز ياخشى! — دەيدۇ ئۇ تەنىلىك قىلىپ، — مېنىڭ گېپىمنىمۇ ئاڭلىمايسىز!!

ئۇ رەنجىگەن ھالدا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

سەلىمىنىڭ كۆزلىرى يەنە كىتابقا تىكىلىدۇ.

دىلشات ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

**42. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشخانا، كۈندۈز.**

ئاشخانا ئىچى خېرىدارلار بىلەن تولۇپ كەتكەن.

ئۈن ئالغۇدىن ئامېرىكىنىڭ «ئۇزۇتۇش» دېگەن ناخشىسى ياڭرىماقتا.

بىر جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان دىلشات ۋە ئېلمىيارلار كۆرۈنۈشتە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى جوزىلاردا بىر نەچچە تەخسە سەي ۋە ھاراق قاتارلىق نەرسىلەر بار.

ئېكراندا دىلشات بىلەن ئېلمىيارنىڭ قولىدىكى رۇمكىلارنىڭ بىر-بىرىگە سوقۇشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئېلمىيار يەنە ھاراق بىلەن تولدۇرۇلغان رۇمكىنى دىلشاتقا سۇنۇپ:

— ئىچە ئاداش، مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن خوشە! — دەيدۇ.

دىلشات: مەن سېنى دۇنيادا ئەڭ ئىشەنچلىك ئاغىنەم دەپ قارايتتىم. شۇ ھېلىقى قېتىمدا قېچىپ كەتكەنلىكىڭ ھەققەتەن ئاچچىقىمنى كەلتۈردى. مەن شۇ چاغدا سېنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۆزلەشمەسلىككە ئىچىمدە قەسەم ئىچكەن.

— شۇنداقمۇ ئويلىغانمۇ؟ — دەيدۇ ئېلمىيار، — مەنمۇ ياخشى قىلماپتىكەنمەن. لېكىن ئۇ ئىش ئۈچۈنلا مېنى يارىماسكەن دەپ ھۆكۈم قىلما. بىزنىڭ قولىمىزدىن چوڭ ئىشلارمۇ كېلىدۇ، ئاغىنە!

دىلشات: بوپتۇ، گۇنايىڭنى كەچۈرەي، خوشە!
ئىككەيلەن رومكىدىكى ھاراقنى بىراقلا كۆپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىدۇ.
چوكىلار سەيلەرنى قىسىپ ئالىدۇ.

**43. سىنىپ، كېچە.**

جىمجىتلىققا چۆككەن سىنىپ ئىچى.

سىنىپتا پەقەت ئاينۇرلا بولۇپ، ئۇ دېرىزە يېنىدىكى جوزىدا ئولتۇرغىنىچە خىيال سۈرمەكتە. بۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرى مۇرەككەپ ھېسسىياتلار بىلەن تولغان.

سىنىپ ئىچىگە سىرتتىن سۇس مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئاينۇر جوزا ئۈستىدىكى قەلەمنى ئاستا قولىغا ئالىدۇ ـ دە، خەت يېزىشقا باشلايدۇ.

خەت ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئېكران سىرتىدىن ئوقۇلىدۇ:

ــ قەدىرلىك ئانا، مەن بەختلىك تەقدىرگە ئېرىشكەندىن كېيىنكى تۇنجى خېتىمنى سىزگە يېزىۋاتىمەن. مېنىڭ قەلبىم بۇ جايدىكى ھاياجانلىق ناخشىلاردىن راھەتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق سىلەرگە بولغان سېغىنىش مېنى قىينايدۇ. سىزنى، تۇققانلىرىمنى، تۈرمىدىكى بىچارە دادامنى كۆرگۈم كېلىدۇ. مەن بەختلىك ئائىلىلەردە چوڭ بولغان قىزلار بىلەن يېتىشىۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ غەم ـ قايغۇسى يوق. مەن دادامنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا دېمىدىم. پەقەت سالى ئىسىملىك بىر مۇئەللىمەلا ماڭا ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ. قەدىرلىك ئانا، تۇرمۇش ئازاۋىنىڭ سىزنى قىيناۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىمەن. ئائىلىمىزنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئويلىغىنىمدا ئىنتايىن ئازابلىنىمەن. بەزىلەر نېمە ئۈچۈن بەختلىك ياشايدۇ، بىز بولساق نېمە ئۈچۈن بەختسىز!

قەدىرلىك ئانا، مەن باشقىلارغا قارىغاندا ئازراق كۈلىمەن. قىزلار مېنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمنى ئەيىپلىشىدۇ. لېكىن مەن ئۆزەمنى ئەيىپلەشنى ھېچ بىلمايمەن. ئائىلىمىزنىڭ بەختسىزلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ خۇشال يايراپ يۈرۈشكە مەن قانداق چىدايمەن؟

قەدىرلىك ئانا، مەن ئۈچۈن قايغۇرماڭ، لېكىن تەلىپىم شۇكى، تۈرمىدىكى دادامنى كۆپرەك يوقلاپ تۇرۇڭ، بىز ئۇنى ئۇنتۇلمايمىز، ئانا!...

...............

ئاينۇر خەت يېزىشتىن توختايدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشۈپ ئالدىدىكى سالام خەتنى ھۆللەيدۇ.

قىيا ئېچىلغان ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن زەينەپنىڭ بېشى كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئاينۇرنىڭ بېشىنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ـ دە، پەم بىلەن ئىشىكتىن كىرىدۇ. ئۇ ئاۋاز چىقارماستىن ئاينۇرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئاينۇر ھېچنەرسىنى تۇيماي يىغلىماقتا.

زەينەپ ئاينۇرنىڭ ئالقىنىنى ئاستىغا يوشۇرۇلغان خەتنى كۆرىدۇ.

— ئاينۇرا — دېدى ئۇ سەل ئەنسىرەپ.

ئاينۇر چۆچۈپ بېشىنى كۆتىرىدۇ.

زەينەپ: نېمە بولدۇڭ؟

ئاينۇر ئىختىيارسىز ئالدىدىكى خەتنى يوشۇرماقچى بولىدۇ.

زەينەپ: ئەكەلە، كۆرۈپ باقاي.

ئاينۇر: بۇ مەخپىي خەت، كۆرۈشكە بولمايدۇ.

— خېتىڭنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشقا ۋەدە بېرەلەيمەن، — دېدى زەينەپ، — ئەكەلە، كۆرۈپ باقاي.

ئاينۇر: ئانامغا يازغان خەت تۇرسا، شۇنىمۇ كۆرەمسەن؟



زەينەپ ئاغرىنغان ھالدا بىردەم جىم تۇرۇپ قالىدۇ. ئاندىن:

— ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسەن — ھە؟ — دېدى.

ئاينۇر: ئىشىنىمەن، بىراق ...

ئۇ قولىدىكى خەتنى مىجىقلاپ تۇتقان ھالدا زەينەپنىڭ كۆزىگە تىكىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن بىر نەرسىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. ئۇ قولىدىكى خەتنى ئاستا جوزا ئۈستىگە قويۇپ دېرىزە تەرەپكە قارىۋالىدۇ.

زەينەپ خەتنىڭ قۇرلىرىغا چاقماق تېزلىكىدە كۆز يۈگۈرتىدۇ — دە، پىشانىسىگە بىرنى ئۇرىدۇ.

— سېنىڭ داداڭ تۈرمىدىما؟ — دېدى ئۇ ئەجەپلىنىپ.

ئاينۇر ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قامالىغان ھالدا جىم ئولتۇرىدۇ.

— نېمىشقا تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن؟ — دېدى زەينەپ ئاينۇرغا ئېچىنغان ھالدا، — ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، ھېچكىمگە دېمەيمەن، ئاينۇر.

ئاينۇر ئېغىر بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن، خىيالغا پاتىدۇ.

**44. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيە بازىرى، ياز، كۈندۈز (ئەسلىمە).**

ئاينۇرنىڭ ئىكران سىرتىدىكى ئاۋازى:

دېھقانلارغا ئائىلە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى بېرىلگەندىن كېيىن دادام يېراق يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا كېلىپ تىجارەت قىلدى. مەن دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتىم. بىر كۈنى...

قايىنام — تاشقىنلىققا چۆمگەن بازار ئىچى، كىچىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار يولىنىڭ ئىككى يېقىنى تەكشى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئاپپارات ئورنىتىلىق ئىچىدىكى مەرۇجى چىقىرىۋاتقان شاپ بۇرۇتلۇق بىر كىشىگە توغرىلىنىدۇ. ئۇ ھەدەپ مۇز پارچىلىماقتا. بۇ كىشى ئايىنۇرنىڭ دادىسى بارات.

ئايىنۇر كىچىك ئىستاكانلارغا مەرۇجى قۇيۇپ خېرىدارلارغا ساتماقتا. ئۇلاردىن پۇل ئېلىپ، پۇل قايتۇرماقتا.

بارات قىزىنىڭ چېچەنلىكىگە ھەۋىسى كېلىپ پات - پات ئۇنىڭغا قاراپ قويىدۇ.

— سېنى ئۆگىنىشتىن قويدۇم قىزىم - ھە؟ - دەيدۇ ئۇ.

— بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى تۇرسا! - دەيدۇ ئايىنۇر شوخلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

بارات: پۇلنى كۆپ تاپساق ياخشى. سەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتسەڭ كۆپرەك ماڭدۇرىمەن - دە، قىزىم.

ئايىنۇر: مەن ئالىي مەكتەپكە بارسام سىزمۇ چوڭ شەھەرلەرنى كۆرۈۋالاتتىڭىز.

بارات قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ:

— قېنى ئاۋۇ خېرىدارلارغا مەرۇجى بەر قىزىم!

ئايىنۇر چاققانلىق بىلەن ئالدىدا تۇرغان ئىككى كىشىنى يولغا سالىدۇ.

تۇيۇقسىز بۇلاردىن 15 مېتىر نېرىدىن ئىككى مەس يىگىتنىڭ قالايمىقان ۋاقىراشقىنىچە ئېگىز - پەس دەسسەپ بۇ ياققا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئايىنۇرنىڭ چىرايى ئۆڭىدۇ.

بارات بولسا مۇز پارچىلاشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ئىككى مەس ئايىنۇرلارغا تەئەللۇق بولغان جوزىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

ئايىنۇر بىر ياققا قارىغان ھالدا جىم تۇرىدۇ.

مەس $A$: قىزچاق بىزگىمۇ بېرەمسىز؟... سىز نەگىكىدىن ئىچىسىز.

ئۇ كېپىنى تۈگىتىپ ئايىنۇرغا ھىجىيىپ قارايدۇ. ئايىنۇر ئۇلاردىن يىرگىنگەن ھالدا ئىستاكانغا مەرۇجى قاچىلايدۇ.

مەس يىگىتلەر مەرۇجىنى ئىچىشكە باشلايدۇ.

مەس $A$: ئەجەپ تاتلىقكەن، قەنت سالدىڭىزمۇ نېمە؟

ئايىنۇر مەس يىگىتلەرگە ئالىيىپ قارىغىنىچە پۇل سانىغان بولۇپ جىم تۇرۇۋالىدۇ.

مەس $B$: چىرايلىق قىز تۇرۇپ مۇنداق ئىشنى قىلغانلىقىڭىز بولماپتۇ. سىز پۇل تېپىشنى بىلمەيدىكەنسىز.

مەس $A$: ئەگەر خالىسىڭىز مەن سىزنى خوتۇن قىلىۋالاتتىم.

— سەنلەر نېمە قىلماقچى لۈكچەكلەر! - دەيدۇ ئايىنۇر يىغلامسىرىغان ھالدا.

مەس$B$: ئاچچىقلىماڭ قىزچاق، پۇل بىر دىمىز. ئىچكەنگە پۇل بەر دىمىز جۇمۇڭ. سىز-ئى خوتۇن قىلىمەن دېگەن ئۇ ئاداشنىڭ ئايالى بار. سىزنى قىلمايدۇ...

غەزەپتىن يەر دىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن بارات مۇز پارچىلاۋاتقان كىچىك قىرلىق تۆمۈرنى كۆتەرگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىدۇ.

— ھە، نېمە قىلىشىۋاتىسەن؟

ئاينۇر قورقۇمسىرىغان ھالدا بىر ياندا تۇرماقتا.

مەس$A$ چاپىنىنى سېلىپ بىر يانغا تاشلىۋېتىدۇ:

— سەن قېرىنىڭ گېپىڭ چوڭغۇ. قىزىڭنى نېمە قىپتىمىز.

ئۇ قوللىرىنى شىمايلاپ باراتقا ئېتىلىدۇ. مەس$B$ ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ. بىر دەمدىن كېيىن كىشىلەر ئاستا - ئاستا بۇ جايغا قاراپ ئېقىپ كېلىشكە باشلايدۇ.

بارات: تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەي ياقامنى قويىۋەت. ھېلى بىكار ئۇرۇۋېتىمەن. ئىككى مەس باراتقا يېپىشىۋالغان. ئۇلار دەلدەڭشىپ ئورنىدا تۇرالماي قالىدۇ. بارات مەستىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلالمايدۇ. ئىككى مەس بىر بولۇپ ئۇنىڭ كانىيىنى دەم ئالدۇرماي سىقماقتا:

— ھەي قېرى، بىزگىمۇ مۇشت تەگلىگۈچى بولدۇڭمۇ؟

ئۇلاردىن بىرەيلەن باراتنىڭ زاڭىقىغا ئىككىنى سالىدۇ.

ئاينۇر يىغلامسىرىغان ھالدا مەسلەرگە ئېسىلىدۇ.

مەس$A$: قىزچاق سىزنى سۆيۈپ قويايمۇ؟

ئاينۇر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلايدۇ. ئۇ يۈزىنى ئەتكىنىچە كىشىلەر توپى-نى يېرىپ چىقىپ كېتىدۇ.

غەزەپلەنگەن بارات مەسنىڭ مەيدىسىگە قاتتىق بىر مۇشت ئاتىدۇ. مەس ئۆزىنى توختىتىۋالالمىغان ھالدا يولنىڭ قىرغىقىدىكى سېمونت ئېرىقنىڭ بويىغا يىقىلىدۇ. ئۇ-نىڭ بېشى سېمونت ئېرىقنىڭ قىرىغا تېگىدۇ. قان ئېقىشقا باشلايدۇ.

كىشىلەر توپى مەسنى قورشىۋالىدۇ.

مەسنىڭ كۆزى چەكچىيىپ قالغان. ئۇ جان ھەلقۇمى قىلىۋاتقان قويدەك تىپىرلايدۇ.

بارات چۆچۈپ كېتىدۇ.

مەسنىڭ تىنىقى ئاستا - ئاستا توختايدۇ.

ئاينۇر يۈگرەپ كېلىپ دادىسىغا ئېسىلىدۇ. ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن دادىسىنىڭ پې-شىدىن تارتماقتا. يىغلاپ چۇقان سالماقتا.

توپلىشىپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى بىر باراتقا، بىر يەردە سوزۇلۇپ ياتـ-قان مەس يىگىتنىڭ جەسىدىگە يۆتكىلىدۇ.

**45. جاڭگاللىق، كوندۇز.**

چەكسىز كەتكەن ھاڭگاللىقتا بىر گەۋدە ئاستا كەلمەكتە.

ئاپپاراتنىڭ چېكىنىشىگە ئەگىشىپ بىز ئۇنىڭ ئاينۇر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ-

نىڭ قولىدا بىر سومكا بار. ئۇ ئازابلىق خىيال ئىچىدە سۈكۈتكە چۆككەن چەكسىز جاڭگاللىق ئىچىگە تەكشى نەزەر سېلىپ ماڭىدۇ.

ئۇنىڭ ئاستا - ئاستا يۆتكىلىۋاتقان قەدەملىرى.

**46. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى.**

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى ساقچى قاراۋۇلدا تۇرماقتا.

ئاينۇر دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولىدۇ.

ساقچى بۇ ناتونۇش قىزغا ئاستا قاراپ قويىدۇ.

ئاينۇرنىڭ قەدەملىرى توختاپ قالىدۇ. ئۇ سۈرلۈك تۈس ئالغان بۇ جاينىڭ مۇھىتىدىن شۈركىنگەندەك بولىدۇ.

— قىزچاق، كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەيدۇ ساقچى.

ئاينۇر: دادام بارات بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم.

ساقچى: دادىڭىزنىڭ ئىشتىن كېلىشىگە ئۈچ سائەتتەك ۋاقىت بار. ئەڭ ياخشىسى ئىشلەۋاتقان جايغىلا بېرىڭ.

ئۇ قولى بىلەن تاغ تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

**47. تاغ ئارىسى، كۈندۈز.**

تاغ باغرى مۇنبەت تۇپراق بولۇپ، بۇ جايغا بىر نەچچە خۇمدان سېلىنغان. خۇمداننىڭ مورىلىرىدىن كۆپ - كۆك ئىسلار تۈرۈلۈپ چىقماقتا.

ئاپپارات تېز - تېز يۆتكىلىپ تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشنى بىزگە مەلۇم قىلىدۇ:

تەكشى چاپلانغان چوڭ بىر مەيداندا بىر توپ جىنايەتچىلەر قېلىپتىن يەرگە كېسەك تۆكمەكتە.

جىنايەتچىلەر تار ئايلانما يوللاردا خام خىشلارنى باسقان ھارۋىلارنى سۆرىمەكتە، خۇمداننىڭ ئوت يالقۇنجاپ تۇرغان ئاغزىغا كۆمۈر تاشلاۋاتقان جىنايەتچىلەر پېشانىسىدىن تەپچىرەپ ئېقىۋاتقان تەرلەرنى سۈرتمەكتە.

جىنايەتچىلەر كىيىمىنى كىيىۋالغان بارات لىق خىش بېسىلغان بىر ھارۋىنى تەستە سۆرىگەن ھالدا كەلمەكتە. ئۇ خېلىلا جۈدەپ قالغان، ئىلگىرىكى شاپ بۇرۇتلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ تونۇماق قىيىن.

ئاينۇر بارات ھارۋا سۆرەپ كېلىۋاتقان يول ئاغزىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئەتراپتىكى جىنايەتچىلەرگە تەلمۈرۈپ - تەلمۈرۈپ قارايدۇ.

ئۇ ھارۋا سۆرىگەن ھالدا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جىنايەتچىلەر ئىچىدىن ئۆز دادىسىنى ئىزلىمەكتە.

بارات ھارۋا سۆرىگەن ھالدا بىر ئايلانمىدىن چىقىپ كېلىدۇ. ئۇ دوقمۇشتا تۇرغان ئاينۇرنى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ بېشى تۆۋەن سېلىنغان.

ئاينۇر ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان باراتنى كۆردى. ئۇنىڭ ھاياجان قاپلىغان چىرايى بىر ئېچىلدى، بىر تاتىردى، قوللىرى تىترەيدۇ.

ئۇ قەدەملىرىنى يۆتكەيدۇ، ئۇنىڭ لەۋلىرى خۇددى سۆزلەيدىغاندەك تىترىمەكتە.

بارات يېقىنلاشماقتا.

— دادا!...

بارات بېشىنى كۆتىرىپ ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇ ئاينۇرنى كۆردى.

ئاينۇر دادىسىغا قاراپ يۈگۈرمەكتە.

**48. خىش دۆۋىسىنىڭ يېنى، كۈندۈز.**

تۈپ - تۈز تىزىلغان ئېگىز خىش دۆۋىسىنىڭ يېنىدا بارات ۋە ئاينۇرلار ئولتۇرۇشقان. ئاينۇر سومكىسىدىكى نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ يەرگە داستىخان ئۈستىگە قويىدۇ. ياغلىما توقاچلار، تۇخۇم، پىشۇرۇلغان مەدەك قوناق قاتارلىق يېزا نېمەتلىرى داستىخان ئۈستىنى بىر ئالدى.

ئاينۇر دادىسىنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغىنىچە جىمجىت ئولتۇرماقتا. ئۇ ئاخىرى بۇ سۈكۈتكە چىداشلىق بېرەلمەي:

— ئېلىڭ دادا. بۇ نەرسىلەرگە ئېغىز تېگىڭ! - دەيدۇ.

بارات خىيالچان ھالدا بۇ نەرسىلەرگە باقماقتا.

— ئېلىڭ دادا! - دەيدۇ ئاينۇر، - بىز ھازىر ۋاقتىنچە ئايرىلىدىغان بولدۇق، قىشلىق تەتىلدە چوقۇم سىزنى يەنە يوقلايمەن.

بارات: قاچان يولغا چىقىسىز قىزىم؟

ئاينۇر: ئۈچتۈرۈشتا 15 - چىسلادىن بۇرۇن مەكتەپكە بېرىپ بولۇش ئېيتىلىپتۇ.

— كېچىپ قالماڭ قىزىم، - دەيدۇ بارات تىترەك ئاۋازدا، - پۇل جايلىدىڭىزمۇ؟

ئاينۇر جىم ئولتۇرۇپ قالىدۇ.

بارات تۈنجى پەرزەنتى ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇنداق پۇرسەتتە ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنالمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ ياش تۆكىدۇ. ئۇ كىچىك بالىدەك ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلايدۇ.

ئاينۇرمۇ ئۆزىنى تۇتالماي دادىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلايدۇ. يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغا ئاۋازى بۇ قاقاس تاغلىقتا ئەكس سادا پەيدا قىلماقتا.

(ئەسلىمە تۈگەيدۇ)

**49. سىنىپ، كېچە.**

ئاينۇر كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشنى ياغلىقى بىلەن ئېتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن.

زەينەپنىڭمۇ كىرپىكلىرى ياش تامچىلىرى بىلەن نەملەنگەن، ئۇلار ئۈن-تۈنسىز ھالدا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

ئۇلار سىنىپتىن ئايرىلىدۇ.

## 50. ئەدەبىيات بىناسىنىڭ كارىدورى، كېچە.

كارىدورنىڭ چىراقلىرى يېقىلغان. گۈزەل قىيا - چىيا قىلغان ھالدا ئىككى قىز بىلەن كارىدوردا پەيدا بولىدۇ.
گۈزەل كارىدوردا ناخشا ئېيتىپ كەلمەكتە.
ناخشا:

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدىن،
سىر دىلىم توزگە؟
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئىگىلدىم سىزگە.

ئۇنىڭ ناخشىسى كارىدورنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. بىر نەچچە سىنىپنىڭ ئىشىكىدىن ئوقۇغۇچىلار چىقىپ گۈزەلگە ئالىيىپ قويىدۇ - دە، سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىپ ئىشىكنى قاتتىق ياپىدۇ. بىز گۈزەلنىڭ ناخشىسىنىڭ ئۇلارنىڭ تىنچ ئۈگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى بايقايمىز.
گۈزەلنىڭ ناخشىسى داۋاملىق ياڭرايدۇ.
ناخشا:

بىلەمسىز كىن، بىلمەمسىز كىن،
مەن كۆيدۈم سىزگە.
ئىشقىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

كارىدورنىڭ بېشىدىكى بىر سىنىپتىن ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

گۈزەل ناخشا ئېيتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان. ئۇ ناخشا ئېيتىشتىن توختاپ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن قارىشىپ تۇرغان يىگىتلەرگە قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ تاشلايدۇ.

يىگىت A: ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ بۇ كېچىدە نېمىشقا ناخشا ئېيتىپ ئادەمنى ئولتۇرغىلى قويمايسىز؟ قائىدە بىلمەمسىز؟
كايىماڭ بوۋا! - دەيدۇ گۈزەل پىخىلداپ كۈلۈپ، - سىزمۇ ياش چېغىڭىزدا ناخشا ئېيتقان، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى، نېمە قىلساق ئىختىيار ئۆزىمىزنىڭ!

گۈزەلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يىگىتلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا كۈلۈپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى غەزەپنىڭ ئورنىنى تەبەسسۇم ئىگەللەيدۇ. گۈزەلنىڭ يېنىدىكى قىزلارمۇ نازلىنىق كۈلۈمسىرەيدۇ، ئۇلار ئىزا تارتقان ھالدا گۈزەلنى دالالەت قىلماقتا.

گۈزەل: بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇ كارىدورنىڭ خوجايىنى بىز بولىمىز، سىلەر ناخشا ئېيتالمىغان بۇ كارىدوردا بىز ناخشا ئېيتىمىز.

ئىككى يىگىت گۈزەلنىڭ قىزىقچى قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— سىزگە قول قويدۇق، بىزنى ئۆرۈۋەتكىچە ناخشا ئېيتىسىڭىز چاۋاك چېلىشنى توختاتمايمىز! — دەيدۇ.

— شۇنداق، بىز سىلەردەك بوۋايلارغا ناخشا ئېيتىپ بەرسەك بولمايدۇ! — دەيدۇ گۈزەل.

ئۇ قىزلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئارقىسىغا يانغان هالدا كارىدۇر بويلاپ ماڭىدۇ. قاتتىق كۈلكە ئاۋازى يەنە ياڭرايدۇ.

يىگىتلەر ئۆز سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىدۇ.

### 51. تار يول، كىچە.

ئىككى تەرەپى پاكار ئارچا دەرىخى بىلەن قاپلانغان يولدا ئىككى كەۋدە ئاستا كەلمەكتە، چىراق يولنى گۈڭگا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇ كەۋدىلەر ئەركىن ۋە گۈلشەن. ئۇلارنىڭ هەر ئىككىلىسى خىيالچان، لېكىن چىرايىنى تەبەسسۇم ئىگىلىگەن. ئۇلار بىر-بىرىگە پات-پات قاراپ قويۇپ كەلمەكتە. ئۇلار بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن!؟ — دەيدۇ ئەركىن گۈلشەنگە قاراپ، — مەن سىزنى بىر مۇبارەكلىسەم بولاتتى، لېكىن نېمە بىلەن مۇبارەكلەشنى بىلمەيۋاتىمەن.

گۈلشەن: ئالدىراپ مۇبارەكلىمەڭ، هازىرچە بۇ ئىشنى مەخپى تۇتايلى، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانغا يەنە سەككىز ئاي بار، تەسىرى ياخشى بولمايدۇ، قانداق دېدىم!؟

— هېلىمۇ تۆت يىل ساقلىدىم گۈلشەن، — دەيدۇ ئەركىن، — مۇهەببەتنى يوشۇرماق قىيىنكەن.

— ۋىيەي، — دەيدۇ گۈلشەن، — يەنە ئىغىزىڭىز ئېچىلغىلى تۇرىدىغۇ…

ئەركىن: كەچۈرۈڭ، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىمەن، بەك هاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن ئۆزەمنى تۇتالمايۋاتىمەن، مەن هېسسىياتنى باشقۇرىدىغان دورا ئىچىۋالسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

گۈلشەن ئەركىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاهلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.

### 52. سەلىمەلەرنىڭ سىنىپى، كۈندۈز.

بىر ئايال مۇئەللىم دەرس سۆزلىمەكتە.

ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىماقتا.

دىلشات بېشىنى جوزىغا قويغان هالدا ئۇخلاپ قالغان.

سەلىمە پات-پات غەزەپ بىلەن دىلشاتقا قاراپ قويىدۇ.

مۇئەللىم دىلشاتنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ-دە، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

دىلشات هېچنېمىنى تۇيمايدۇ.

— دىلشات، — دەيدۇ مۇئەللىم زەردە بىلەن.

دىلشاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچى ئۇنى ئويغاتماقچى بولۇپ جەينىكىنى مىدىرلىتىدۇ . دىلشات تۇيۇقسىزدىن بېشىنى بىر كۆتىرىدۇ - دە ، ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا ئالىيىپ قارايدۇ. ئۇ مۇئەللىمنى كۆرمەيدۇ .

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دەيدۇ مۇئەللىم.

دىلشات ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان مۇئەللىمنى كۆرۈپ :

— ئۇخلاۋاتىمەن — دەيدۇ ئىرىنچەكلىك بىلەن .

مۇئەللىم : دەرس ئاڭلىمامسىز ؟

دىلشات ئالدىدىكى كىتابىنى ۋاراقلىغان ھالدا :

— مەنغۇ دەرس ئاڭلاشنى خالايمەن. بىراق سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس . كېچىسى ئۇيقۇم كەلمەيدۇ . تاڭ ئاتقىچە جىن-شايا تۇنلار بىلەن ئۇرۇشۇپ چىقىمەن ، مۇئەللىم . شۇڭا كۈندۈزى ھەممىگە سەت كۆرۈنۈپ ئۇخلايمەن .

سەلىمە دىلشاتنى تىللايدىغاندەك ئۆز جايىدا مىدىراپ ئولتۇرالماي قالىدۇ . ئۇ- نىڭ چىرايى تۇتۇلغان .

دىلشات : بۇ گۇنايىم ئۈچۈن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كەچۈرۈم سوراشتىن باشقا ئامالىم يوق . مەن ھەقىقەتەن ئەيىپلىك .

پۈتۈن سىنىپتا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ .

سەلىمە لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا خاتىرىگە بىر نەرسە يازغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالىدۇ.

دىلشات ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى ئاڭلايدۇ .

— سارالڭ بولدۇڭلارمۇ ؟ — دەيدۇ غەزەپ بىلەن.

ئۇ مۇئەللىمنىڭمۇ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ :

— مۇئەللىم، بۈگۈنكى ئىشقا سىز جاۋابكار ، سىز مېنى نېمىشقا ھاقارەت قىلىسىز ؟ — دەيدۇ.

مۇئەللىم : رەنجىمەڭ دىلشات ، سىزنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىشىڭىزغا مەن ئەسلا يول قويمايمەن . لېكىن قالايمىقان سۆزلەرنى قىلىپ دەرسنىڭ ئىنتىزامىنى قەستەن بۇز- غانلىقىڭىز قاملاشماي قالدى . سىز خۇپسەنلىك قىلدىڭىزغۇ دەيمەن .

دىلشات ھىجىيىدۇ :

— شۇنداق مۇئەللىم. مەن ئوقۇش پۈتتۈرگىچە پۈتۈن سىنىپتا بىر كۈلكە پەيدا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم . ۋەزىپەم بۈگۈن ئورۇندالدى . مېنى ئەمدى تىللىسىڭىزمۇ مەيلى ...

— بولدى قىلىڭ ! — دەيدۇ مۇئەللىم ئاچچىقلاپ، — مەن سىزدەك بىغەم ئوقۇغۇچىنى كۆرمەپتىكەنمەن، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغاندا ئۆزىڭىزنى كۆرسەتكىڭىز كېلىپ قېپتۇ - دە !

دىلشات : شۇنداق مۇئەللىم . مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېنى تونۇشماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن . ناپالىيون شۇنچە زور قىرغىنچىلىقلارنى قىلغان بولسىمۇ ئۇنى پۈتۈن دۇنيا قەھرىمان دەپ ئاتىشىدۇ . گېتلېر بولسا تېخىمۇ شۇنداق . مەن ئۇلاردەك نام

چىقىرالمىسامۇ لېكىن ئۆزەمنى مۇشۇ زېمىندا بىر تونۇتۇشۇم مۇھىم. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ياشايمەن.

— دىلشات!

غەزەپلەنگەن مۇئەللىم:

— سۆزلەڭ، قانغىچە سۆزلەڭ، بولدى مەن دەرس ئۆتمەيمەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ياشاش غايىڭىزنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇڭ، — دەيدۇ. ئۇ يىغلامسىرىغان هالدا ئالدىدىكى كىتاب ۋە كونسپېكتلىرىنى يىغىشتۇرىدۇ.

دىلشات ھېچنېمىدىن غەم تارتمىغان هالدا:

— ساۋاقداشلار، بىز ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. مەن بۇ پاجىئەنى ئويلىسام يىغلىغۇم كېلىدۇ، — دەيدۇ.

پۈتۈن سىنىپتا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ.

### 53. ئەدەبىيات پاكۇلتېتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدى، كۈندۈز.

سالى مۇئەللىم بىلەن ئاينۇر بىنا ئىشىكىدىن چىقىپ كېلىدۇ. بىنا ئالدىدا ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ تۇرۇشقان بىر توپ ئوقۇغۇچىلار.

— مەن ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتىم، — دەيدۇ سالى مۇئەللىم، — سىز دادىڭىزنىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلاپ روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ. قىيىنچىلىقىڭىز بولسا ئېيتىڭ. مەن ياردەم قىلىمەن. ئەگەر مەن ئامال قىلالمىسام تەشكىل بار.

ئاينۇر لېۋىنى چىشلىگەن هالدا جىمجىت ئولتۇرىدۇ.

سالى يەنە قايتا تەكرارلايدۇ:

— ئەگەر ھەر قانداق ئېغىرچىلىقلارغا ئۇچرىسىڭىز مېنى ئىزلەڭ، مەن سىزگە ئاكىڭىز ئورنىدا مۇئامىلە قىلىمەن. بولامدۇ؟

ئاينۇر: بولىدۇ، مۇئەللىم!

سالى: سىزنىڭ ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ مەكتەپ سەنئەت كۇرژىكىگە ئىسمىڭىزنى تىزىملىتىپ قويدۇم. بۇ ئىشقىمۇ قاتنىشىڭ. كۆپ تەرەپتىن تەربىيىلىنىشىڭىز ياخشى بولىدۇ. قانداق دېدىم؟

ئاينۇر تەبەسسۇم ئىلكىدە:

— مەن سىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلايمەن، — دەيدۇ.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ بىنا ئالدىدىن يىراقلايدۇ.

### 54. كۆل بويى، كۈندۈز.

كۆل بويىنى مەجنۇنتاللار قاپلىغان.

ئىككى كەۋدە بېشىنى تۆۋەن سالغان هالدا ئالدىدىكى كۆل سۈيىگە قاراپ جىمجىت ئولتۇرماقتا. بۇلار دىلشات ۋە سەلىمە.

دىلشات يېنىدىن تاش ئېلىپ كۆلگە تاشلايدۇ. كۆل يۈزى تەۋرىنىپ ئۇششاق - ئۇششاق چەمبىرەكلەر ھاسىل بولىدۇ.

چىرايىدىن ئازاپلانغانلىقى چىقىپ تۇرغان سەلىمە دىلشاتقا پات - پات ئاستىدىن قاراپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن بىز سەلىمىنىڭ دىلشاتتىن بىرەر جاۋاب كۈتۈۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

دىلشات داۋاملىق كۆلگە تاش ئاتماقتا.

— قانداق قىلىسىز؟ — دەيدۇ چىداشقا تاقىتى قالمىغان سەلىمە، — كېپىڭىزنى ئوچۇق قىلىڭ. ماڭىمۇ سىنىپتا يۈز كېرەك. دىلشات!

دىلشات: ئۆزەمنى مۇندىن كېيىن تۇتۇۋالساملا بولىدىغۇ؟ !

— قايسى جەھەتتىن تۇتۇۋالىسىز؟ — دەيدۇ سەلىمە دىلشاتقا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

دىلشات قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپ كېتىدۇ:

— بىرىنچىدىن، ھاراق ئىچمەيمەن، ھاراقنىمۇ تويدۇم. كوچىدىكى لاللما بالىلار بىلەن ئارىلاشمايمەن، ئۇلار پەقەت يانچۇقىملا ئاغىنە بولىدىكەن. مەن ئۇلاردىن بەك زىيان تارتىپ كېتىۋاتىمەن. ئىككىنچىدىن، مۇئەللىمنى كۆرسەم توختىماي ھىجىيىمەن، بۇ مۇئەللىمگە ھۆرمەت قىلمىغانلىق، سىزمۇ مۇنۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ قويۇڭ. مۇئەللىمگە بېلىڭىز سۇنۇپ كەتكىچە ئېگىلىڭ، شۇنداق قىلساق تەقسىماتتا پايدا ئالىمىز. مۇئەللىم بىلەن سوقۇشماسلىقىمىز لازىم. مەن سىزگە يەنە نۇرغۇن ۋەدە بېرەلەيمەن سەلىمە... مەسىلەن...

— سىز ئالجىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەيدۇ سەلىمە غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟

دىلشات: ئاچچىقلىماڭ، سەلىمە، مەن سىزگە ۋەدە بېرىۋاتىمەن، مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا ۋەدە بېرىۋاتىمەن. نۇرغۇن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاۋاتىمەن. سىز مېنىڭ قەلبىمنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىز؟

— نېمىشقا ساراڭدەك پىكىر قىلىسىز؟ — دەيدۇ سەلىمە دىلشاتقا مىختەك قادىلىپ، — سىز ئادەمنى مەسخىرە قىلىۋاتامسىز ياكى ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىڭىز، سۆزلەۋاتقانلىرىڭىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇش لوگىكىسىغا ماس كېلەمدۇ؟ سىز زادى نېمە بولغان ئادەم، دىلشات، مەن سىزگە ئېچىنىۋاتىمەن. سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزنىڭ قاشاڭلىقىغا ئېچىنىۋاتىمەن. سىز ئالىي مەكتەپتە نېمە دەپ ئوقۇۋاتىسىز؟ مەن سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىز ئورنىدا سۆزلەپ باقاي. ئالىي مەكتەپتە نېمىشقا ئوقۇۋاتىسىز؟ ئېيتىپ بېقىڭا؟

دىلشات: سىز مەندىن مۇنداق سوئاللارنى سورىماڭ، سەلىمە. ئالىي مەكتەپتە نېمە ئۈچۈن ئوقۇۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچىمۇ بولامدۇ؟ بىلىپ قىلىڭكى، ھەممىمىز پۇل ئۈچۈن ئوقۇيمىز، پۇلنى كۆزلىمەيدىغان كىم بار قېنى؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭا؟.

سەلىمە ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئاستا دىلشاتتىن يۆتكەيدۇ. ئۇ كۆلنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى دۆڭدە بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرغان بىر جۈپ گەۋدىگە قارايدۇ. ئۇنىڭ

قەلبىدە مۇرەككەپ ھېسسىيات داۋالغۇشى پەيدا بولىدۇ. ئۇ بىر دەم جىم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ:

— بولدى، مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ جايدا ئاخىرلاشسۇن!— دەيدۇ.

دىلشات ھەيران بولغان ھالدا:

— نېمە بولدىڭىز سەلىمە؟— دەيدۇ ئالدىراپ،— سىزگە قەلبىمدىكى گەپلەرنى دېگىنىم گۇناھمۇ؟

سەلىمە: سىزنىڭ قەلبىڭىز شۇنداقمۇ؟

دىلشات سەلىمىگە يېقىنلىشىدۇ:

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سەلىمە.

— ئىشىنىمەنكى، سىزگە مەندىن ياخشىراق قىز چىقىپ قالىدۇ،— دەيدۇ سەلىمە،— مەن سىزگە ماسلىشالمىغۇدەكمەن، ئەڭ ياخشىسى ساۋاقداش بولۇپلا ئۆتەيلى...

دىلشات: نېمىشقا؟

سەلىمە: بۇ ھەقتە مەن سىزگە ئارتۇق سۆزلەشنى خالىمايمەن، ئۆزىڭىز بىلىپ قېلىسىز.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، كۆل قىرغىقىنى بويلاپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

دىلشات سەلىمىنىڭ گەۋدىسى كۆزدىن غايىپ بولغىچە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرىدۇ، ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللاپ تىترىگان ھالدا ئاستا كۆل بويىدا ئولتۇرىدۇ — دە، جىمىرلاپ تىترىگان كۆل سۈيىگە قارىغىنىچە خىيالغا پاتىدۇ.



**55. ئاينۇرلارنىڭ ياتىقى، گۇگۇم ۋاقتى.**

ياتاق ئىچىدە گۈزەل، زەينەپ، ئاينۇر ۋە باشقا قىزلار بار.

ئاينۇر كارىۋات ئۈستىدە يېتىپ تۇرۇپ خاتىرىسىگە بىر نەرسىلەرنى يازماقتا. گۈزەل ئاق پىنكىيىسىنى كىيىدۇ.

ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتقان زەينەپكە قاراپ:

— ۋاقىت توشۇپ قالدى، ماڭامدۇق؟— دەيدۇ.

قىزلارنىڭ ھەممىسى قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى توختىتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ.

— بۇ كىنوغا كېچىكىپ قالساق بولمايدۇ، — دەيدۇ زەينەپ، — بۇ قالتىس ياخشى كىنو.
قىزلارنىڭ ھەممىسى ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.
ئاينۇر بېشىنىمۇ كۆتەرمەستىن خاتىرە يېزىپ ئولتۇرماقتا.
زەينەپ: ئاينۇر كىنوغا بارماسمەن؟
ئاينۇر: بارغۇم يوق!
زەينەپ: نېمىشقا؟
— بولدى، سەن بېرىۋەرگىن، — دەيدۇ ئاينۇر كۈلۈپ.
گۈزەل ئاينۇرغا تۇمشۇقلىرىنى ئۇشلايتىپ قويغاندىن كېيىن:
— زەينەپ، چاققان بول! — دەيدۇ ئالدىراپ.
گۈزەل ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.
زەينەپ: بىز بېرىپ كېلەيلى ئەممە!
زەينەپمۇ ياتاقتىن ئايرىلىدۇ.
ئاينۇر كارىۋات ئۈستىدىن چۈشىدۇ. ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ كۆڭگا قاراڭغۇلۇققا چۆككەن بىنانىڭ ئالدىغا قارايدۇ.
بىنا ئالدىدا تۇرۇشقان جۈپ - جۈپ قىز-يىگىتلەر.
پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان - چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار.
تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاڭلىنىۋاتقان كۈلكىلەر.
ئاينۇر دېرىزە يېنىدىن قايتىپ كېلىپ كارىۋاتتا ئولتۇرىدۇ. ئاندىن بىر نەرسە خىيالىغا كەلگەندەك چامادانىنى ئېچىپ بىر دانە كىچىك ئەلبومنى ئالىدۇ. ئۇ ئەلبومنىڭ بىرىنچى ۋاراقىنى ئېچىش بىلەنلا دادىسىنىڭ رەسىمگە كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ - دە، ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلىدۇ.
باراتنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى.
ئاينۇرنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشىدۇ.
— دادا، جېنىم دادا! — دەيدۇ ئۇ تىترەك ئاۋازدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.
ئۇ ئەلبومنى باغرىغا باسقان ھالدا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلايدۇ.

**56. جاپپارنىڭ ئائىلىسى، ئەتىگەن.**

گۈلشەن بىلەن سەلىمە كارىۋاتتا ياتماقتا.
گۈلشەن شىرىن ئۇيقىسىنى ئۇخلىماقتا.
سەلىمە ئويغاق. ئۇ كۆزىنى تورۇسقا تىككەن ھالدا خىيال سۈرۈپ ياتماقتا.
دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئۆي ئىچىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەن.
سەلىمە يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كىيىملىرىنى كېيىدۇ. ئاندىن دېرىزە يېنىغا بېرىپ سىرتقا قاراپ قويغاندىن كېيىن كېلىپ گۈلشەننى ئويغىتىدۇ.
— تۇرە گۈلشەن، — دەيدۇ سەلىمە، — چىقىپ كېتەيلى!
گۈلشەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلايدۇ.
— نېمە ئالدىرايسەن؟ بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى تۇرسا...
سەلىمە: شۇنداقتىمۇ بالدۇرراق چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك - تە!

گۈلشەن ياستۇقتىن ئىرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈردۇ:

— جاپپار مۇئەللىمنىڭ كېلىدىغىنىغا تېخى ئىككى كۈن بار، خاتىرجەم بولغىن!

گۈلشەن كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلايدۇ.

سەلىمە سىرتقى ئۆيگە چىقىپ يۈزلىرىنى يۇيۇپ كىردۇ. ئۇ ئەينەك ئالدىدا چاچلىرىنى تارىغاچ:

— گۈلشەن، ساڭا بىر ئېغىز نەسىھىتىم بار، — دەيدۇ گۈلشەنگە قارىماستىن.

گۈلشەن: دەۋەرگىن.

— مەن سېنىڭ بۇ ئۆيدە يېتىشىڭنى توسمايمەن، — دەيدۇ سەلىمە.

گۈلشەن هاڭ - تاڭ قالىدۇ:

— نېمىشقا؟

سەلىمە: سەن ئويلاپ باققىن، ئايالى ياكى بىرەرمۇ پەرزەنتى بولمىغان بىر يالغۇز ئەرنىڭ ئۆيىدە بىر قىزنىڭ يېتىشى مۇۋاپىق ئىشمۇ؟ سەن باشقىلارنىڭ ئۆسەك گەپ تارقىتىشىدىن قورقمامسەن؟

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەيدۇ گۈلشەن غەزەپلىنىپ، — هېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىشتىن سەن ئەنسىرەپ كەتتىڭما؟ جاپپار مۇئەللىم يىغىنغا كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئۆيگە قاراۋاتسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مۇئەللىم تۇرسا...

سەلىمە سالماقلىق بىلەن:

— ئۇ مۇئەللىم، لېكىن سەن مۇئەللىمنى ئايىشىڭ كېرەك! — دەيدۇ.

— مەن نېمە قىپتىمەن؟ — دەيدۇ گۈلشەن، — سەن ئۇنداق پىتنىخورلۇق قىلما، دوستۇم بولساڭ مېنى ئايا، سەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ مۇشۇنچىلىك ئىشقا توغرا قارىمىساڭ سېنى قانداقمۇ ئاڭلىق قىز دېگىلى بولسۇن؟ چەت ئەللەردە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار قانداق ياشاۋاتىدۇ؟ بىز بولساق نېمەن قىلىۋاتىمىز. ئويلاپ باقە، سەلىمە.

سەلىمە: سەن ئۆزەڭنىڭ جۇڭگودا ياشاۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالما. بۇ دۆلەتتە كىشىلەر ئېڭىنىڭ تېخى چىرىپ كەتكىنى يوق!

گۈلشەن غەزەپلىنىدۇ:

— نېمە دېمەكچىسەن؟

سەلىمە: ئۆپكەڭنى بېسىۋال، باشقا پىكرىم يوق.

گۈلشەن يوتقاللارنى يىغىدۇ.

گۈلشەن: ئالدىرىما، هەممىنى تەخسىما تتا كۆرىمىز.

سەلىمە گۈلشەننىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا ئىشىك تەرەپكە ماڭىدۇ.

— بولدى، مەن چىقىپ كېتەي.

گۈلشەن جاۋاب بەرمەي دېرىزە ئالدىغا كېلىدۇ.

سەلىمە ئارقىغا بىر قاراپ قويىدۇ - دە، ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ. گۈلشەن كۆزلىرىنى يۇمغان هالدا دېرىزە ئالدىدا تۇرماقتا.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# چۈچمەل ۋىسال

زاھىر ئابدۇراخمان

## قار كېچىپ بىز بىللە توۋلىغان ناخشا

1

سەن گىرە سالغاندا بوينۇمغا ھەررەت،
بىزارلىق ھېسسىدىن ئۆرتەنگەن يۈرەك.
ئارامسىز ئېڭىتىلىش، چۈچمەل ۋىسال،
ئېڭىشىمغا يۈكلىنگەن يېڭى بىر تىلەك.

قار كېچىپ بىز بىللە توۋلىغان ناخشا،
دىماقلار ئاستىدا قالغانتى مۈگدەپ.
ۋۇجۇدۇم ھارارەت تىلىگەن قاردىن،
تون يېيىپ بېشىمغا چۈشكەندە لەپ-لەپ.

شىكايەت ئەيلىگەن ساڭا سۆيگۈمدىن،
يولۇڭدا مەن باسقان ئىزنىسىز قەدەملەر.
خوش دەپ قول سوزغاندا خۇنۇك ئۇچقۇنلار،
ساقىغان كۆزلەردىن ئاخىرقى دەملەر.

2

شۇ كۈنى ھاياتىم كالىندارىدىن،
ئۈچۈرۈپ تاشلىغان تەكرار ۋە تەكرار.
سېنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلىقىڭنى،
ھېچكىمگە ھېچقاچان قىلمىغان ئىزھار.

بىز كۆندە كۆرۈشكەن (تونۇشلاردىن بىز)،
نىگاھلار ئۇچراشسا چاقمىغان چاقماق.
ۋە بەلكى ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىشقان،
مەن ساڭا ئاق بولغان، سەنمۇ ماڭا ئاق.

بىر سېھرى ئاھاڭدىن تىترىگەن يۈرەك،
چۈشۈمدە سەن قايتا بولغاندا ئايان.
لەززەتلىك خىيالغا قىلسىمۇ ئەسىر،
چۈشۈمنى چۈشۈمدە ساقلىغان پىنھان.

3

مەن نەچچە باسقان شۇ يولدا تۇيۇقسىز،
ئۇتقاشتەك تاۋلىنىپ كەلدىڭ ئالدىمغا.
بىر دەقىق يوقالدى ئېڭىمدىن سېزىم.
پەقەتلا كۆيۈنگىنىڭ كەلدى يادىمغا.

لېۋىمنى چىشلىدىم، قالدىم قىزىرىپ،
سۆزلىدىڭ، سۆزلىرىڭ شۇنچىلىك راۋان.
سۆزۈڭنى تېگىگە يەتتىم، تا تاردىم،
خوش ئەبەت دېگىلى كەلگەنمۇ ئاران؟

ئاخىرقى سىگنالنى بەرگەندە پويىز،
ئۈزۈلدى ياش بىلەن يۇيۇلغان پاراڭ.
سەن كەتتىڭ كۆزۈمچە، ماڭا قالغىنى،
رېلىستىن پۇرقىراپ ئۇچقان چاڭ-توزان.

4

خۇشلاشتۇق ئەبەدى، بولدى نەچچە يىل،
تىرىلدى ھېجراندىن شۇ كونا سۆيگۈ.
قار كېچىپ بىز بىللە توۋلىغان ناخشا،
بەرمەكتە قەلبىمگە يېڭىچە تۇيغۇ.

سېنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلىقىڭنى،
ھېچكىمگە ھېچقاچان قىلمىدىم ئىزھار.
قار كېچىپ توۋلىغان ناخشىمغا سېنى،
يوشۇردۇم دەپ ساڭا قىلىمەن ئىقرار.

يېڭى گەپ، ئاي بىلەن بوپ قالدۇق سىرداش،
ئۆزگىگە ھەرگىزمۇ ئەيلىمەيمىز پاش.

كۆڭلۈڭدە بارمىدى ئايغا شېۋىرلا،
ئۇ كېلىپ قەلبىمدە ياڭرىسۇن قۇياش..

## بىلگەن بولسام دۇنيا غېمىنى

ھەيران بولۇپ بالىلىقىمدا
بوي تارتقانغا قىلاتتىم ھەۋەس.
پىچىرلايتتىم ئۆزەمگە: نىچۈن –
كىچىكلەرنىڭ چوڭ بولمىقى تەس؟

شۇندىن ئۆزگە غېمىم يوق ئىدى،
ئەركىن ئىدىم، شوخ، بەختىۋاش ئىدىم.
مۇڭدىشاتتىم ئاي، يۇلتۇز بىلەن،
قۇچقاچلارغا چىن سىرداش ئىدىم.

ئۆستۈم
چۈشتى باشقا نى سەۋدا،
كۆزۈم نۇرسىز، يۈزۈم جۈدەڭگۈ.
بىلگەن بولسام دۇنيا غېمىنى،
بالىلىقتا قالاتتىم مەڭگۈ.

## پۇشايمان

خىيالىمغا ھەمرا بولۇپ پەرىشتە،
باشلاپ كىرسە چۈشلىرۈمگە قۇياشنى.
سېرىق ئاپتاپ سەپتى سەزمەي ئۇنىڭغا
بىخۇتلۇقتا داۋام ئەتتىم ئۇخلاشنى.

يورىتاي دەپ ئەمدى مۇدھىش كۈلبەمنى
قاراشتۇرسام چىقماس قولغا پەنەرمۇ.
بىر چاغلاردا ھەسەل تامغان لەۋلەردىن
شوراي دېسەم تامماس ھەتتا زەھەرمۇ...

## تۇرارمىدىڭ ئورنىڭدىن

ئۆمىلىدىم ئانىجان،
ئوخشاپ گويا بوۋاققا.
قالدى يۈرەك ئېسىلىپ،
قەبرەڭدىكى شىۋاققا.

ئىگىلىدىم چىدالماي،
غېرىبلىققا، پىراققا.
ئېلىپ قاچتى قەبرەڭدىن،
يىغا مىنى ئاي يىراققا.

تۇرارمىدىڭ ئورنىڭدىن،
يەتسە ئۈنۈم تۇپراققا.
ئايلاندۇرۇپ كۆكسىمنى،
يەنە قايناق بۇلاققا...

# ئىككى شېئىر

تاھىرجان قاسىم

## كونا ئۆتەڭ ھالسىرايدۇ كېچىدە

ئۇيۇق بىلەن گىرەلەشكەن كەڭ دالا،
خىرەلىشىپ قالدى گۈگۈم ئىچىدە.
كونا ئۆتەڭ ياتار بۇندا ھالسىراپ،
يولۇچىسىز چېكىسىز يولنىڭ چېتىدە.

پەرۋازىمۇ جىمىپ ئۇچار قۇشلارنىڭ،
غايىپ بولدى ئۆتكۈنچىلەر شەپىسى.
مۈگدەك باسقان قېرى توغراق تۈۋىدە،
يىتىمسىراپ قالدى بوۋاي كەپىسى.

يىراق كۆكتە چىمىرلىشىپ يۇلتۇزلار،
كۆز قىسىدۇ ئاڭا سوغۇق يالتىراپ.
تەلمۈرىدۇ بوۋاي ئۈنسىز – تىنىمسىز،
يولۇچىلار شەپىسىگە قايتىلاپ.

تەنھالىقتا ئۆتمۈشنى ئەسكە ئېلىپ،
مۈڭ ئىلكىدە پىچىرلايدۇ خىيالىچان.
بۇندا ئۆتكەن جۇشقۇن ھايات قايىنىمى،
كۆز ئالدىدا بولۇپ بىر - بىر نامايان...

كېلىپ ئوچاغ يىراقلاردىن كارۋانلار،
تۈنەر ئىدى كېچىلەردە خىرامان.
بوۋايكۆڭلى ھەر دەقىقە شاتلىنىپ،
ياشار ئىدى بۇندا غەمسىز، بى ئارمان.

ئۇزاپ كەتسە ئۆركەش ياساپ تۆگىلەر،
قالار ئىدى كۆلدۈرمىلار ئاۋازى.
چاك كەلتۈرۈپ ئورمانلارنى ھەر نەپەس،
تىنجىمايتتى كۈيچى قۇشلار پەرۋازى...

بىراق بۈگۈن ھايات شامى ئۆچكەندەك،
مۇڭغا چۆكۈپ قالدى ئەجەپ ھەممە ياق.
ئۇيقۇسىراپ كەتكەن قېرى توغراقلار،
تۆكەر ئاستا شىلدىرلىتىپ يوپۇرماق.

ئورمانلارنى قاپلاپ قارا تۇمانلار،
غۇۋا بولۇپ قالدى يېقىن - يىراقمۇ.
بۇزۇپ بوۋاي خىيالىنى تەشۋىشتە،
ئۆچۈپ قالدى كەپىدىكى چىراقمۇ.

تەشۋىشىنى تۈن قوينىغا قالدۇرۇپ،
ئالدى بوۋاي ھاسىسىنى قولىغا.
يىراق كۆكتە چاقناپ قۇتۇپ يۇلتۇزى،
نۇر سەپكەندەك بولدى ئۇنىڭ يولىغا.

ئۈمىد ئۇنى پەرىشتىدەك يېتەكلەپ،
سىڭىپ كەتتى نۇر ئىچىگە كېچىدە.
كونا ئۆتەك قالدى بۇندا ھالسىراپ.
ئۆتكۈنچىسىز چېغىر يولنىڭ چېتىدە...

## تەقدىرىمنى قەبرىدە كۆرۈپ...

خىيال سۈرۈپ يۈرۈيمەن تۈندە،
دىمىقىمدا مۇڭلۇق بىر ئاھاڭ.
تەنھالىقتا قالغان يىتىمدەك،
ئۆچۈپ يۈرەر ئاستىمدا غازاڭ.

جىملىقىنى بۇزۇپ كېچىنىڭ،
چىرىلدىشىپ تىنىماس چېكەتكە،
خىيالدىمەن ئۆمۈر مۇساپەم -
باشلاپ بارار قايسى بېكەتكە...

پاك سۆيگۈدىن تۆرەلدىم، لېكىن -
قالالمىدىم بوۋاقلىقىمدا.
سەبى كۈلكەم... قايتۇ ھەممىسى،
بۆشۈكۈمدە - ئۇماقلىقىمدا.

بىراق بۈگۈن ھايات باشقىچە،
بەردى ماڭا ئازاب كۆز يېشى.
بارمىكىن يا ھەممە ئىنسانىنىڭ،
ئۆزگىچە بىر ھايات كەچمىشى...

خىيالدىمەن، ئۈنسىز - ئۈمىدسىز.
مەنىسىزدەك تۇيۇلار ياشاش.
تەقدىرىمنى قەبرىدە كۆرۈپ،
ئۆلۈم بىلەن بولدىمەن سىرداش.

ئېچىنماستىن ھاياتىمغا ھېچ،
قەبرىستاندا يۈرىمەن بېغەم.
كۆرۈنمەيدۇ ئۇندا رەزىللىك،
يىغلىمىسىراپ تۇرغان دەرد - ئەلەم.

ياشاش، ئۆلۈش مۇقەررەر ھامان،
پىشانەمگە پۈتۈلگىنى ھەق.
نەسەۋەبتىن ياشايمەن يەنە،
تۇرسا ئۆلۈم يېنىمدىلا تەق...

خىيال سۈرۈپ يۈرىمەن تەنھا،
دىمىقىمدا مۇڭلۇق بىر ئاھاڭ.
چىللاپ مېنى قۇتلۇق ھاياتقا،
ئوپۇق يىرىپ ئېتىپ قالدى تاڭ.

تۈن بىلەن تەڭ بولۇشنى غايىپ،
تەقدىرىمنىڭ خىيال كەچمىشى.
چۇقان سېلىپ ئويغانىدى قەلبىم،
ئۆلدى شۇ چاغ ئۆلۈم تەشۋىشى.

# تۈلكىنىڭ دىپلومى

(مەسەل)

مۇختار سوپۇرگى

قالغان قەدىم زاماندىن،
يىراق ئىتتىز خاماندىن.
بار ئىكەن بىر ئورمانلىق،
ئەسەر يوق ئۆي – ماكاندىن.
ياشايدىكەن بۇ جايدا،
ئەتراپىقا قاس سايدا.
يولۋاس ئېيىق ھەم بۆرە،
غىژ غىژلىشىپ كاھىدا.
بار ئىكەن ھەم تۈلكە، شىر،
بولغاچ ئەسلى زاتى بىر.
كاھى ئىناق ئۆتەركەن،
بىر – بىرىگە ئېيتىپ سىر.
ئىكەن يولۋاس چوڭ باشلىق،
بولغاچ كۈچلۈك، چىداشلىق.
يولۋاس بەگىنىڭ ئاغزىغا،
ئىكەن ھەممە قاراشلىق.
كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپتۇ،
كۈن ئايدىن يىل پۈتۈپتۇ.
شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
يولۋاس خىيال سۈرۈپتۇ:
«يۇرتنى ئوبدان كۈللىتەي،
يېڭى تۈسكە كىرگۈزەي.
تاللاپ ئاۋام خەلقتىن،
چوڭ مەكتەپكە ئېۋەتەي.
ئىگەللىسۇن پەن – بىلىم،
روناق تاپسۇن بۇ ئىلىم.
كۆرۈپ بۇلدا يۈكسەلىش،
يايراپ كەتسۇن جان – تېنىم»
بۇنى بىلىپ قۇۋ تۈلكە،
زاتىدىن ئېلىپ ئۈلگە.
ئويلاپ ئوبدان ھەممىنى،
چېرىگە قونۇپ كۈلكە.
كىرىپ يولۋاس قېشىغا،
ھەمكارلىشىپ ئىشىغا.
تەرلەپ تازا ئىشلەپتۇ،
تىگىپ قويماي چىشىغا.
توختىسا گەر يېپىشىپ چاپان،
كەينىدىن يالاپ تاپان.
ئىزھار قىپتۇ كۆڭلىنى،
دۇدۇقلاپ ئاران – ئاران.
ئويلاپ يولۋاس بىر ھازا،
«ۋاپا»غا قىلماي جاپا.
ماقۇل» دەپتۇ تۈلكىگە،
بوپقالمىسۇن دەپ خاپا.
تۈلكە يىتىپ مەقسەتكە،
كىرەر بولۇپ مەكتەپكە.
ئويلاپتۇ ئۇ: «ئەمدى مەن
ئېرىشەرمەن مەنسەپكە»

×

كىرىپ تۈلكە مەكتەپكە،
كۆنمەي تۈزۈم–ئەدەپكە.
ئۇستازلارنى رەنجىتىپ،
ئۇچراپ كاھى غەزەپكە.
ئۆتكۈزۈپ ئۇ شۇنداق كۈن،
بىكار ئويناپ كۈن ۋە تۈن.
بۈگۈن ياتسا مەس بولۇپ،
تۇرۇپ ئىندى يا ئۆگۈن.
ئىمتىھاندا كۆچۈرۈپ،
خاتا بولسا ئۆچۈرۈپ.

دىپلوم ئاپتۇ ئامال قىپ،
مەكتەپتىنمۇ پۈتتۈرۈپ.

×

تاماملاپ ئۇ مەكتەپنى،
خىيال قىلىپ مەنسەپنى.
ئورمانلىققا قايتىپتۇ،
يوغان قىلىپ سۆز - گەپنى.
ماختاپ ئۇنى كەڭ ئاۋام،
قىلدى دەپ مەكتەپ تامام.
كۆرگىنىدە چوڭ - كىچىك،
ئىگىلىپ قىپتۇ سالام.
ئوقۇپ بىلىم ئالدى دەپ،
پۈختا ئاساس سالدى دەپ.
بىر كۈن يولۋاس چاقىرىپ،
سوراپ كۆرسە مۇنداق گەپ.
«قېنى دىپلوم ئالدىڭمۇ،
كۆپنى بىلىپ قالدىڭمۇ.
يا ئۆتەلمەي سىناقتىن،
قۇرۇق قوللا قايتتىڭمۇ؟»
تۈلكە مۇشلاپ مەيدىگە،
قاراپ بىر قۇر ھەممىگە.
چىقىرىپتۇ دىپلومنى،
تەمەننا قىپ «غەلبە»گە.
«پۈتتۈرۈپسەن مەكتەپنى،
بىرەي ئەمدى مەنسەپنى.
كۆرسەت قېنى كارامەت،
تاشلاپ ئىرى پوگەپنى»

×

تۈلكە چىقىپ تەختكە،
ئېرىشتىم دەپ بەختكە.
بۇ دۇنيادا ئۆزىنى،
قادىر چاغلاپ ھەممىگە.
دىپلومىنى پەش قىلىپ،
بىر ئىشنى تۆرت، بەش قىلىپ.
ئاختۇرالماي ھېچ ئىشنى،
ئەل كۆڭلىنى غەش قىلىپ.

بىرسىنى دەپ جۇڭجۇەنسىڭ،
يەنە بىرىنى جۇنكېسىڭ.
ئاقتۇرالماس بولار ئىش،
بولماي مەندەك بېنكىسىڭ.
باقسا ئۆزى بىلمەمىز،
قۇرۇق سۆلەت، ئىلمەمىز.
بولغان بىلەن دىپلومى،
يوق ئىچىدە پەندىن ئىز.
كۆللەتمەك يوق دۆلەتنى،
سېلىپ ئەلگە كۈلپەتنى.
غايىپ قىپتۇ نەگىدۇر،
ئەسلىدىكى نۇسرەتنى.
يولۋاس كۆرۈپ بۇ ئىشنى،
غۇچۇرلىتىپ چىشىنى.
بۇ خىزمەتكە قويۇپتۇ،
يەنە باشقا بىرسىنى.
ئۇ كۆرسۇتۇپ ماھارەت،
ئىش قىلىپتۇ كارامەت.
بېنكىسىڭلىق دىپلومغا،
كەلتۈرمەي داغ - ھاقارەت.
بىلىملىكنى تاللاپتۇ،
بىلىمسىزنى شاللاپتۇ.
«دىپلوم دېمەك - بىلىم» دەپ،
ئالا جۆيلۈپ قالماپتۇ.
كىمدە بولسا ئىقتىدار،
قىلىپ شۇنى ئەتىۋار.
مۇھىم ئىشقا قويۇپتۇ،
بىرىپ ئاڭا ئېتىبار.
شۇنىڭ بىلەن يۇرت كۆكلەپ،
ئىلگىرىلەپتۇ چوڭ سەكرەپ.
«دىپلوم» «بىلىم» پەرقىنى،
قىلغاچ ياخشى بىر تەرەپ.

×

بۇنداق ئىش بار كۆپ جايدا،
ناھەقچىلىك يوق قايدا.
ئالداپ يۈرۈپ نادانى،
ھازىرمۇ ئالار پايدا.

# رۇبائىلار، پارچىلار

## كېرەم مەجىت

بايلىقتا مەيلى سەن قانچە غېنى بول،
بولمىسا تېجەشلىك ئىشلەتكۈچى قول.
تاغ كەبى دۆۋىلەنگەن ئالتۇن، كۈمۈشمۇ،
كۆرۈنمەس بەتخەجگە ئىسقالچىلىك پۇل.

× ×

ئېسىڭغا كەلتۈرسەڭ باھاردا قىشنى،
ئۆمرۈڭگە پىلانلا يۈز يىللىق ئىشنى.
ھاياتنى مۆھتاجسىز ئۆتكۈزەي دېسەڭ،
ياشلىقتا بەرپا قىل گۈزەل بېھىشنى.

× ×

يارالدىم تۇپراقتىن تۇپراقتۇر تورنۇم،
بۇ ئالەم تۇپراقتىن تويۇنغان قوينۇم.
تۇپراققا مەن ئېجىل، ئۇ ماڭا ئېجىل،
تۇپراقنى تەھى قىلىپ ياتىدۇ بوينۇم.

× ×

بىر ئەما يول يۈردى سوراپ يول تېپىپ،
نىشانغا يەتتى ئاۋايلاپ مېڭىپ.
بىر دوستۇم چاپتىيۇ ئۆتتى ئالدىغا،
تەڭ يولدا ئاداشتى كەلدى ئۇ يېنىپ.

× ×

تىرناقتەك ئېيىپنى قىلساڭ قىلچىلىك،
ئويلاپ باق نەپ تېگەر ساڭا قانچىلىك.
بۇلۇتسىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرغان،
پاتقاققا كېچىدۇ بولسا ھۆلچىلىك.

× ×

تىرناقتىن كىر كولاپ ئىزدىمە سوقور،
ياماننى يوشۇرما ئىللىتى يۇقۇر.
قىڭغىر ئىش ئاشكارە قىرىق يىلدىمۇ،
ھەقىقەت يالغاننى كۆرىگە تېقۇر.

× ×

كۆز سالما سۇلۇلغان سوۋغا — زەللىگە،
چاۋاكنى يايدۇ چىتقا — چەللىگە.

يولاتساڭ ئۆيۈڭگە ئىش بۇزارلارنى،
ئالىدۇ ياناپاشقا چىقساڭ پەللىگە.

× ×

سەن يارنىڭ كەينىدە بولدۇم ئاۋارە،
شىپالىق لېۋىڭدىن ئىزلەپ مەن دارە.
مۇھەببەت ئوتلىرىڭ كۆيدۈردى تەننى،
مەن ئۆزەڭ بۇنىڭغا قىلغىن بىر چارە.

× ×

بەزىلەر يۈگۈرۈپ شۇ كام ئېشىنى،
ئىندەككە كەلتۈرەر ئىگىپ بېشىنى.
بىر چىنە ئاش بىلەن ئېغىز كۆيدۈرۈپ،
سۇغۇرۇپ ئالىدۇ ئالتۇن تېشىنى.

× ×

گەر كەلسە ياخشىنىڭ بېشىغا ھازا،
ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە ياندىشا قازا.
بېجەل كەتمىگەن جاھاندىن ياخشى،
ئەل قەھرى يامانغا بەرگەچكە جازا.

× ×

بەتخەجلىك قىلمىغىن لازىم بولۇر پۇل،
ھەمىيانىنى دۆڭ قىلۇر يۇمۇلغاندا قول.
بۈگۈننى ئۆتكۈزسەڭ ئەتىنى ئويلا،
ئىلىم — پەن، ئىقتىسات ھايات ئۈچۈن ھۇل.

× ×

يۈز پاتمان تاشنى كۆتەرگەن ئىنسان،
كۆتۈرەلمىسەڭ، ئارتۇقچە بىر ئېغىزگەپنى
نەچچە تونىلاپ تائامنى يۈتكەن،
بوغۇزغا يۇتالماس غەزەپنى، دەرتنى.

× ×

كۈچ كۆرسىتىپ ئۆز ئارا قىلما چېلىش،
بولسا سەۋەن، قىل ئەپۇ، ئازراق ئېلىش.
ئاتما مۇش پەنتى غالىس كۈچى زورغا،
ئۆچ ئېلىپ ئالماس قولىغا ئۇ قىلىچ.

× ×

بۇرادەر قاپىسما ئارقىدىن قاۋاپ،
قىلاتتىڭ ئىلگىرى بېشىڭنى تاۋاپ.
يۈزسىزلىك قىلمىغىن ئەجداتلىرىڭغا،
قىلىسەن ئاخىرى ئۆزەڭنى خاراپ.

× ×

سەكرىمە شىر بىلەن ئېلىشقىن دېسە،
يوگۈرمە پىل بىلەن چېلىشقىن دېسە.
ئاخماقنىڭ - ئاخمىقى يەل بەرسە ئۇچۇپ،
ئالدىدا مۇش ئاتار يېرىلىشقىن دېسە.

× ×

نامەرتكە يولىما تاتىسمۇ يېقىن،
باغرىڭنى خۇن قىلار كۆزۈڭنى ئېقىن.
مۇشكۇلدە سىنالغان ھەقىقىي دوستلار،
چىقارماس ئۆز ئارا قويۇن ۋە چېقىن.

× ×

توغرا بولسىمۇ قوللانغان ئۇسۇل،
ئۇرۇق چېچىلمىسا بەرمەيدۇ ھوسۇل.
قۇرۇق گەپ بىلەن ئىش قىلىمەن دېسەڭ،
مېۋىسىز ئىشىڭ قىلىدۇ ئۇسۇل.

## پارچىلار

### ئابلىز قۇربان

پۈكۈپ دىلغا ئۇلۇغ غايە، سىناقلاردىن ئۆتەي ئەمدى،
ئۈزۈپ ھەردەم كۈرەش،جەڭدە، يېڭى تارىخ پۈتەي ئەمدى،
ۋەتەن خەلقىم ئۈچۈن ھەر چاغ ئېزىز جاننى نىسار ئەيلەپ،
قۇچۇپ شانۇ - زەپەر، غەلىبە، مۇرادىمغا يېتەي ئەمدى.

× ×

يېتەر جەزمەن مۇرادىغا كىمىكى بولسا مەردانە،
نەزەر تاشلاپ كىلىچەككە، ئىلىم ئىشقىدا پەرۋانە.
ئىلىمدىن ئۆرىسە يۈزنى قىلىپ شۇ دەل نادانلىقتا،
قۇچاق ئاچماي بەخت، ئامەت، ئۆتەر كۆڭلىرى ۋەيرانە.

× ×

مۇشەققەت تاغىنى كەسمەي ماڭار يوللار راۋان بولماس،
ئىرادە بىرلىكى بولسا، توسارغا تىك داۋان بولماس.
كۈرەشچۈن بەلنى چىڭ چەگمەي، جاپانىڭ بىلىنى ئەگمەي،
پاشاشىڭنىڭ ھۇلىسنى قۇرماقي بۇ دۇنيادا ئاسان بولماس.

# سىناش

(ھېكايە)

## ئابابەكرى خوجا

سوزۇنچاق ئاق- سېرىق يۈزلۈك، پاكىزە، رەتلىك كىيىنگەن ياش يىگىت ئابدۇرۇسۇل سائەتكە قارىدى - دە، چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى قىز بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتقا ئون بەش مىنۇتلا قالغانىدى. توخۇ، تۇخۇم، ئۆدەك، توشقان، بېلىق... قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئۈچۈن كىلىۋاتقانلارنىڭ ئاخىرىسى ئۈزۈلمەيتتى. ئابدۇرۇسۇل شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك شىركىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە يېمەك - ئىچمەك مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىپ تەمىنلەش تارمىقىدا مەھسۇلات سېتىۋالغۇچى بولۇپ ئىشلەيتتى. بۇ ئېغىر-بېسىق يۇۋاش يىگىتنىڭ ھەر بىر كۈنى مۇشۇنداق ئالدىراشچىلىق بىلەن ئۆتەتتى. قۇياشمۇ يانغا قىيىلغان، ئىشتىن چۈشىدىغانلىغا بەقەت بىر سائەتلا ۋاقىت قالغانىدى، ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا سائەتكە قارىۋىدى، يەنە بىر مىنۇت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. دېمەك، يەنە ئون توت مىنۇت قالدى دېگەن سۆز! مۇشۇنچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ۋېلىسىپىت بىلەن ئۇچقاندەك ماڭغاندىلا، ئاران ئۇچرىشىش ئورنىغا بارالىشى مۇمكىن، ئەگەر دەل ۋاقتىدا بارالمىسا، قىزنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ، يىگىت يۇۋاش بولغىنى ئۈچۈن شۇ كەمگىچە ئوڭلۇقلىقىنا بىرەر لايىق تاپالماي يۈرەتتى. بۇ داقىسى قىز ئۆزى ئىگىز ئاچقان لايىق بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق، نازاكەتلىك ئىدى. لېكىن مۇھەببەتلىشىش جەھەتتىكى شەرتلىرىنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقىدىن خەۋەردار بولغان يىگىت، چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن تەستىپ بولۇپ كېتىپ باراتتى. شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئاران كەلگەن بۇ پۇرسەت ئۈچۈن شۇنچە ئالدىرايتتى: «ئەمدى بولمىدى ئىشنى قاتلاپ قويۇپ چېپىش كېرەك». يىگىت كاستيومىنى كىيىپ ئەمدىلا سىرتقا ماڭاي دەپ تۇراتتى، ئاتمىشلارغا بارغان بىر دېھقان يول توردى:

— ئۇكام، دوگۇۋارىمىز بويىچە بۇ بېلىقلارنى سىلەرگە سېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كىلىۋىدىم. تېخى ئەتىگەندە تۇتۇلغان، 150 كىلو، ئېلىۋېتىسىلە!

باشقا چاغلار بولغان بولسا مۇنداق رەللە بولمىغان بولاتتى. كۆپىنچە چاغلاردا چۈش، ھەتتا كەچلىك دەم ئېلىش پەيتلىرىنىمۇ قۇربان قىلىپ، ساتقۇچىلارنى خۇشال قىلىپ كەلگەنىدى، ئەجەبمۇ نەس باستى!

— دادىكا، — دېدى ئۇ كەسكىن قارارغا كەلگەن ھالدا، — ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئەتىگەنلىككە ئېلىپ كەلسىلە بولامدۇ؟

— ئۇكام ھازىر تومۇز ۋاقتى تۇرسا بۇزۇلۇپ قالىدۇ، ئېلىۋېتىسىلە!

— ئەمىسە بىر ئاز كۈتۈپ تۇرسىلا، ئى-
بىر يەرگە بارمىغان جىددى ئىش بار
ئىدى، بېرىپلا كېلىمەن، ئاندىن ئېلىمىز-
تەي بولامدۇ؟

— ئۇكام بۇنى...

ئابدۇرۇسۇل كېيىنكى گەپلەرگە قۇلاقمۇ سالماستىن ۋېلىسىپىتىنى مىندى-دە، قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى.

× ×

شەھەر ئەتراپىنى يۆگەپ، ئەگىلىپ ئاقىدىغان دەريا ساھىلى تولىمۇ گۈزەل ئىدى، ئۈستۈن تەرەپتە ئەگمە شەكىللىك ياسالغان كەڭ سېمونت كۆۋرۈكتىن ماشىنا - تراكتورلار، ھارۋىلار، ئادەملەر ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. دەريا بويىدىكى مەجنۇن تاللار سۇغا ساڭگىلىشىپ تۇراتتى، چىمىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدىكى كەچكى قۇياشنىڭ ئەكسى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

رەيھانگۈل كۆۋرۈكتىن 500 مېتىرچە تۆۋەندە چىمەن ئوتلار بىلەن قاپلانغان قىرغاقتا تۇرۇپ ئابدۇرۇسۇلنى كۈتەتتى، توغرىراقى ئۇنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىنى سىنايتتى. «مۇھەببەت، - دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، - ئەڭ پاك ۋە مۇقەددەس بىر سېزىم. ئۇنى قالايمىقان خارلاشقا بولمايدۇ، تۇرمۇش قۇرۇش ئۆمۈرلۈك ئىش. شۇڭا، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. تاللايدىغان نىشاننى بەلگىلەش شەرت بىلەن سىناپ كۆرۈش كېرەك، سىناقتىن ئۆتەلمىدىمۇ، بولمايدۇ. كىچىككىنە ئىشتىن ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ». «ئۇھ!» - دەپ كۆكسىنى باستى قىز نازۇك قوللىرى بىلەن.

مانا يېتىپ كەلدى! قىز قول سائىتىگە قارىغانىدى، دەل ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا توغرا كەپتۇ، بىرەر سېكونتمۇ ئارتۇق-كەم ئەمەس ئىدى، قىزنىڭ قەلبىنى بەختىيارلىق لەززىتىنىڭ يېقىملىق دولقۇنلىرى كېلىپ سۆيدى-دە، تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى.

بۇ يىگىت، قىزغا نىسبەتەن تۆتىنچى نىشان ئىدى. ئىلگىرىكىلىرىنىڭ ھېچقايسى قىزنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىگەن، يا ئۇنداق، يا بۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ۋەدىگە ۋاپا قىلالمىغان، چۈنكى قىز كۆپىنچە تاللاش شەرتى قىلىپ مۇشۇنداق بەلگىلىك ۋاقىتتىكى ئۇچرىشىش ۋاقتىنى بەلگىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭچە ھەرقانداق بانا - سەۋەبلەر، ھەرقانداق توسالغۇلارغا قارىماي دېگەن ۋاقىتتا ئۈلگۈرۈپ كېلەلىسىلا ئۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلالايدىغان، كۆڭۈل قويسا بولىدىغان كىشى، ئەكسىچە بولغىنىدا ۋاپاسىز، تۇترۇقسىز كىشى، كەلگۈسىدە ئۈمىد يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغان بولاتتى-دە، شۇ ھامان قولىنى يۇياتتى. قىز مانا مۇشۇنداق قاراپ كىچىككىنە بىر ئىش بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى، كەلگۈسىنى ئۆلچەيتتى. ئابدۇرۇسۇل دەل پەيتىدە ئۈلگۈرۈپ كەلدىمۇ، دېمەك ئۇ گەپسىز سەمىمى ئادەم، مۇھەببەتكە سادىق كىشى، كەلگۈسىدىمۇ ۋاپادار ئەر بولالايدۇ.

يىگىت ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يېتىپ كەلدى-دە، كۈتۈپ تۇرغان رەيھانغا قول سوزدى.

— سىزنى ساقلاتتىم، - ھە؟! كەچۈرىڭ، ئىشلار شۇنداق كۆپىيىپ كەتتىكى...

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز، - دېدى

قىز چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزدەك كۆزلە-
رىنى يىگىتنىڭ كېلىشكەن گەۋدىسىدىن
ئۈزەلمىگەن ھالدا مەمنۇن بولۇپ تۇ-
رۇپ، - يۈرۈڭ، ئەندى بىز ئاز سەيلى
قىلايلى.

ئۇلار بىر - بىرىگە ياندىشقان ھالدا
ئاستا قەدەملەر بىلەن دەريا ياقىلاپ
ئېقىم تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى، مەيىن
شامال ئىككى ياندىكى بۆك دەرەخلەرنىڭ
يوپۇرماقلىرىنى لەرزان ئىغاڭلىتاتتى،
ئۇلارنىڭ قەدەملىرى ئاستىدىكى يۇمران
ئوتلار چىرايلىق ياشناپ تۇراتتى، قىز
ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان رومانتىك شېرىن
خىياللارنىڭ قۇچىقىدا مەس بولغىنىچە
خۇددى كىنودىكى ئاشىق - مەشۇقلارغا
ئوخشۇتۇپ، يىگىت بويىنىغا قول سالماق-
چى، لېكىن دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئۇيان-
بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆ-
رۈپ سەل تارتىندى، «بۇ نادانلىق قا-
چانمۇ تۈگەر، ھەي!...، - دەيتتى ئۇ ئىچىدە
ئازابلىنىپ، - فېئوداللىق ئەنئەنىۋى قا-
راش نېمە دېگەن قەبىھ - ھە؟ چەت ئەللەر-
دىكىدەك، كىنولاردىكىدەك سۆيگىنىڭ
بىلەن بىمالال ئېچىلىپ - يېيىلىپ، ئەر-
كىن - ئازادە كۆيۈشۈپ - سۆيۈشۈپ يۈر-
گىلىمۇ بولمايدۇ، قەيەرگىلا قارىساڭ
ئادەملەر ئوغرى مۈشۈكتەك ماراشقان، ما-
زاق، تەقىپ، ئېغىز ئەخلاق-پەزىلەت دېيى-
شىپ بىزار قىلىدۇ كىشىنى مەدەنىيەتسىز-
لەر...!»

— خىلۋەترەك بىرەر يەرگە كېتەيلى، -
دېدى قىز بىردىنلا يىگىتنى قولتۇقلىۋال-
غان ھالدا ۋە جۈرئەت بىلەن قىلغان بۇ
ئەشتىنى سۆيۈنۈپ كەتتى، - بۇ يەر ئەپسىز،
كىشىلەر مايمۇندەك ھېچىيىشىپ كىشىنى
بىزار قىلىۋېتىدۇ.

ئۇلار چىمەن قىرغاق بويلاپ چۈشكەن يال-
غۇز كىشىلىك يول بىلەن يۈرۈپ كېتىشتى.
يىگىت قىزنىڭ كېلىشكەن ھۆسنى - جاما-
لىغا قاراپ تويمايتتى، قىزمۇ يىگىتنىڭ
كېلىشكەن قەددىگە، ناھايىتىمۇ مۇلايىم
تۇرقىغا زوقلىنىپ قاتقانىدى. ئۇلار ئەتراپى
تال - ئورمانلار بىلەن قاپلانغان يېرىم
ئارالچاقنىڭ قېشىغا كېلىپ توختاشتى، بۇ
يەردىمۇ ھاۋالىق، خىلۋەت، ياخشى جاي
ئەمدى قالمىغانىدى، ئۆتۈشۈپ تۇرغان
كىشىلەرمۇ ئۇزاقتا قالغان، پەقەت تۆۋەن-
رەكتە ئۇششاق بالىلارنىڭ سۇغا چۆمۈلۈۋاتـ-
قاندىكى سۈرەن - چۇقانلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇ-
راتتى، لېكىن بۇ ئەھمىيەتسىز ئىشلار.
ئەپسۇسكى ھېلىمۇ ئارالچاقنىڭ ئىچىدە
يەنە ئۈچ جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار مۇۋاپىق
جايلارنى ئىگەللىۋېلىشقانىدى، «مەيلى،
دېدى قىز، - چوڭ گەپ ئەمەس».

رەيھانقىز تۆۋى بىر، لېكىن بىر مېتر ئېگىز-
لىكتىن تۆت تال بولۇپ شاخلاپ ئۆسكەن
چىرايلىق قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىگە كەلدى-
دە «لىككىدە» قىلىپ ئاچىماقلار ئوتتۇرىسىغا
چىقىۋالدى، يىگىتنىمۇ نازۇك قوللىرى
بىلەن قېشىغا تارتىپ چىقاردى.
«نېمە دېگەن پەيزى - ھە؟ مانا بۇ تۇر-
مۇش - لىرىكا!».

— ئابدۇرۇسۇل، - دېدى قىز يېقىملىق
ئاۋازى بىلەن يىگىتكە كۆزلىرىنى سۈزۈپ
قارىغىنىچە، - سىز نېمە دېگەن ياخشى -
ھە؟ ۋاپادارلىقتا يارايدىكەنسىز! پەقەت
سىز... سىزلا... قەلبىمدىن ئورۇن ئالالى-
دىڭىز...

قىزنىڭ ياشلىق ھۆسنى – جامالى، مەس قىلغۇچى شىرىن تەكەللۇپلىرى بىلەن ئايلانغان ئابدۇرۇسۇل، قىزنىڭ قوللىرىنى تۇتماقچى بولۇپ تەمشەلدىيۇ، تارتىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— راستمۇ، — دېدى ئۇ قىزغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىچە، — سىزنىڭ مېنى ياقتۇرغانلىقىڭىزغا ھېچ ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. سىز... سىز... بەك ياخشى ئىكەنسىز... ئاڭلىشىمچە سىزنىڭ شەرتلىرىڭىز تولىمۇ ئېغىر ئىمىش، شۇڭا دەيمەن.

قىز، يىگىتنىڭ سەممىي سۆزلىرىدىن تېخىمۇ ئېرىپ كەتتى – دە، ئامراقلىقى قوزغالدى.

— ئېغىر بولمىسا بولامدۇ؟ بۇ ئۆمۈر سودىسى، بۇغدايىنىڭ مايسىسىدىن ئۇنىڭ ھوسۇلى كۆرۈنىدۇ. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش–كىشىنى خارلايدىغان بىر ئەخلاقسىزلىق ئەمەسمۇ؟

— توغرا – توغرا! – يىگىت بىر قانچە قېتىم بېشىنى لىڭشىتتى. قىز كۈلۈپ كەتتى ۋە يىگىتنىڭ مەڭزىگە ئاستاغىنا بىرنى ئۇرۇپ قويدى. «ۋاي چېچەن يىگىت!»

چېچەن يىگىتنىڭ بولسا پات – پات كۆزى ئارقىسىغا بۇرۇلاتتى – دە، چىرايى جىددىيلىشىپ قالاتتى، چۈنكى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ كەچ كىرىشكە باشلىغانلىقتىن، ھېلىقى بېلىق ساتقىلى كەلگەن دېھقان بوۋاينىڭ يېلىنىپ تۇرغان قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ بىئارام قىلماقتا ئىدى. «ئەگەر بېلىقلار پۇراپ – بۇزۇلسىدە... بىچارە...».

— نېمانداق قارچۇغىدىن چۆچۈگەن توشقاندەك ئولتۇرالماي قالدىڭىز، – دېدى بۇ ھالەتلەرنى دەرھال سېزىۋالغان قىز، – بۇ سەيلى ياقماي قالدىمۇ–يە؟

— ياق – ياق، – دېدى يىگىت ھودۇققىنىچە، – بەك ياخشى، ئۆزەمچە شۇنداق...

يىگىتنىڭ بۇ گەپلىرىمۇ قىزغا لىرىكىلىق – قىزىق تۇيۇلۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار ئەشۇنداق كۆڭۈللۈك پاراڭلار بىلەن قاراڭغۇ چۈشكىچە ئولتۇرۇشتى. قىزنىڭ لىرىكىلىق ھېسسىياتلارغا تولغان سۆزلىرى، كەلگۈسى تۇرمۇش توغرۇلۇق قىلغان پىلان، ئارزۇ – خىياللىرىنىڭ چېگرىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى مۇشۇنداق گۈزەل غايىلىك سۆيگۈ–مۇھەببىتىنىڭ سېھىرلىك كەشتىلىرى بىلەن يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى بېزەۋەتكەنىدى.

— ئۇھ، – دەپ كۈلكىسىنى باستى قىز ئادىتى بويىچە قوللىرى بىلەن، – ئابدۇرۇسۇلجان بۈگۈن سىزدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدۇم. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. سەيلىمىز، ئۇچرىشىشىمىز شۇ يەرگىچە بولسۇن. ئەمدى قايتايلى. لېكىن پات – پات ئۇچرىشىپ تۇرايلى. ئۆگۈنلۈككە دەل يەنە مۇشۇ يەردە، دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇچرىشىمىز ئەمىسە، ئەپكىلىڭ قولىڭىزنى!– رەيھانىقىز يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن، يىگىتنىڭ يوغان ئالقانلىرىنى تۇتۇپ سىلىكىدى.

— بولىدۇ، – دېدى يىگىت خەيرلىشىۋېتىپ – چوقۇم ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كېلىمەن!

ئاخىر ئۇلار بىر – بىرىگە تەلمۈرۈپ ئايرىلىشتى.

× ×

ئەتىسى ئابدۇرۇسۇل خىزمەتكە بىر سائەت كېچىكىپ باردى. ئىشلىگەنلىرى ئۇ

مۇشۇ ئىدارىغا خىزمەتكە كىرگەندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ كېچىكمىگەن، ئۆز ئىشلىرىنى ئاھايىتى ئەستايىدىل، تىرىشچانلىق بىلەن بېجىرىپ، پات - پات يولداشلارنىڭ، رەھبەرلىكنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ تۇراتتى. بۈگۈن بولسا ھەتتەك... بۇنىڭغا كېچىكى سەيلە سەۋەب بولغاندەك، چۈنكى سەيلىدىن ھوزۇرلانغان ئابدۇرۇسۇل ھاياجىنىنى باسالماي قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىپ (ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇ ناخشا ئېيتمايتتى) قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، ئۇشتۇمتۇت كېچىدە بىر شىر كەيىپ ساۋاقدىشىغا ئۇچراپ قالدى. ئابدۇرۇسۇلنىڭ كەيپىنىڭ چاغلىقلىقىنى بىلگەن ساۋاقدىشى «ئىچىمىز!» - دەپ، ئېسىلىۋالدى ۋە سۆرەشتۇرۇپ يۈرۈپ، بىر كەچلىك قاۋاقخانىغا باشلاپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇرۇسۇل تۈن يېرىمىدا، ساۋاقدىشىدىن ئاران قۇتۇلۇپ، شىر كەيىپ بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ يېتىپ قالدى، كەيپىلىك سەۋەبىدىن ۋاخچە ئويغانىدى.

ئابدۇرۇسۇل ئىش ئورنىغا كېلىۋېتىپ، ئىشخانا ئىشىكى ئالدىدا پونكىت باشلىقى بىلەن نېمە توغرىلىقتۇر پاراڭلىشىۋاتقان رەيھانگۈلنى كۆرۈپ قالدى - دە، ھەيران بولۇپ توختاپ قالدى. قىزنىڭ قېشىدا تونۇگۈن كەچ بېلىق ئەپكەلگەن ھېلىقى دېھقان سۆۋەتلىرىگە تايانغان ھالدا، خاپا چىراي قاراپ تۇراتتى. ئابدۇرۇسۇلنىڭ تېنى شۈركەندى. «رەيھانگۈل بۇنچىلا ئەتىگەندە ئىدارىمىزدا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ بۇ دېھقان كىمشى؟...»

ئابدۇرۇسۇل، رەيھانگۈلنىڭ غەزەبلىك ئەيپلەشلىرىگە سەبىر بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان زەنجاڭغا، خىجالەتتە پاتقان ھالدا قاراپ تۇرۇشقان خىزمەتداشلىرىغا ئەجەبلىنىپ نەزەر سالغاچ پاراڭغا قۇلاق سالدى.

- سىلەردە، - دەيتتى رەيھانگۈل قوللىرىنى شىلتىغان ھالدا، - خىزمەت مەسئۇلىيەتچىلار بەكمۇ ئاجىز ئىكەن. لوزۇنكاڭلارغا: «ئامما ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىمىز» - دەپ يېزىپ قويىسىلەرۇ - ئەمەلىيەتتە ئۆزەڭلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەنسىلەر! شۇنچە يىراقتىن تۈزۈشكەن دوكۋارىڭلار بويىچە بۇ بېلىقلارنى ئەپكەلسە، «ئىشىمىز ئالدىراش!» - دەپ ئالماي، مانا ئەمدى ئىسسىقتا بىر كۈن تۇرۇپ تۇنىگەن بېلىقلار بۇزۇلۇپ كاردىن چىقىپتۇ! بۇ زىياننى كىم تۆلەيدۇ؟ ئەلۋەتتە سىلەر تۆلىشىڭلار كېرەك! دادام توختام بويىچە بېلىقلارنىڭ پۇلىنى سىلەردىن تولۇق ئېلىشى كېرەك! - قىز ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

زەنجاڭ ۋە باشقا خىزمەتچىخادىملار بۇ تاپا - تەنىلەردىن ئۇيالماقتا ئىدى. بىرسى

- بۇ ئىشقا بىز سەۋەبكار ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىشنى باشقا بىر يولداش بېجىرەتتى، بىز خەۋەرسىز قاپتۇق، - دېدى.

- خەۋەرسىز قاپتۇق؟ ھەممىڭلار گالۋاڭلار! ئۇقمايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟ دادام شۇنچە يالۋۇرسا، سىلەرنىڭ ئادەمىڭلار: «ئالدىراش ئىشىم بار!» - دەپ قاراپمۇ قويماي چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى سېتىپ ئالامسىلەر - يوق! بولمىسا قانۇن ئورنىغا ئەرز قىلىمەن!

- سىڭلىم، - دېدى ئاخىر خىجالەتتىن تۇرالماي قالغان زەنجاڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، - راستىنلا بۇ ئىشتىن خەۋىرىمىز يوق. بۇ ئىشقا ئابدۇرۇسۇل دېگەن يولداش مەسئۇل ئىدى. زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغان بولسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ باشقىلىرىمىزغا تاپىلاپ قويۇپ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ۋىجدان ساداسى

(ھېكايە)

## تۇرغۇن ئىسلام

— بولدى سۆزلىمەڭ ئانا، يۈرىكىم بۇ ئېغىر دەرتنى كۆتىرەلمەيدۇ، — ئۇنىڭ شالاڭ كىرپىكلىرى ئاستىدىكى خۇنۇك كۆزلىرىدىن ياشلار سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. قاتتىق ھاياجاندىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ - تىترەپ چىقاتتى. ئۇ لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ قانداقتۇر بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قاغايتتى، تىللايتتى.

× ×

ئانا كۆزىنى مەسۇم چىرايىدىن ئۇماقلىقى، شوخلىقى چىقىپ تۇرغان ئوغلىغا تىككىنىچە ئېسەدەپ يىغلىماقتا. بىر ئىش ئۈچۈن ئوغلىنى ماقۇل كەلتۈرۈشكە زورلىماقتا. ئاددىي، لېكىن پاكىزە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان تار ئۆينىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە قويۇلغان چۆيۈن مەشنىڭ ئالدىدا زوڭزايغىنىچە ئاچچىق موخوركىسىنى بولۇشىغا تارتىپ ئولتۇرغان گەۋدىلىك بۇ كىشى پات-پاتگە پىكە ئارىلىشىپ بالىغا نەسىھەت قىلماقتا، گەرچە ئۇ كىشى بالىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسىمۇ لېكىن بالىنىڭ كېلەچەككىكى بەختلىك تۇرمۇشى، خۇشال-خۇرام ھاياتىنى ئويلىغىنىدا بۇ ئاددىي، ئوتتۇراھال ئىشچى ئائىلىسىدە ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقا ئامالسىز قالماقتا. پەقەت قولىدىكى ئاچچىق موخوركىلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بەرمەكتە. ئۇ پۈكۈلگەن گەۋدىسىنى تەستە كۆتىرىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، بالىنىڭ يېنىغا كەلدى. بالىنىڭ گەۋدەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرىدىكى ياش يۇقلىرىنى قالداق باسقان قولى بىلەن سۈرتىۋەتتى، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ بالىسىنى بەزلىدى.

— يىگىت بولۇپ قالدىڭ، يەنە يىغلامسىنا؟ بولدى قوي خۇشال بولغىن، بۈگۈن سېنىڭ شادلىنىدىغان كۈنۈڭ، ئۆز دادىسى بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق ئىش، — كېيىنكى گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن تەستە چىقتى. ھازىر بۇ كىشىنىڭ كۆڭلى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئازابلىناتتى.

— بولدى، تۇر ئورنۇڭدىن، ئوغلۇم، مېھمانخانىغا بارىمىز. ئۇ يەردە سېنى ئۆز داداڭ تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە. ئۇنى ساقلىتىپ قويمايلى، — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، بالىنى ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولدى، لېكىن بالا ئۇنىماي قويدى:

— ياق، دادا مېنى بۇ ئىشقا زورلىماڭ. ھېچ نەگە بارمايمەن. بۇ مېنىڭ ئۆز ئۆيۈم. پەقەت سىزلا مېنىڭ ئۆز دادام! — بالا تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئانىمۇ قوشۇلدى. ئاخىرى ئانا ئېسەدەشتىن ئۆزىنى تەستە توختىتىپ ئۆزىگە كېيىنكى ئەر بولغۇچى ھېلىقى كىشىگە يېلىنىدى.

— دادىسى، بولدى قىلىڭ، ئۇ ناكەس-

نىڭ قېشىغا بالىنى ئەۋەتمەيلى، ئۇ دې-
گەن بىر ۋىجدانسىز مەخلۇق!

— سەن نېمە دەپ جۆيلىۋاتىسەن! —ئۆ-
گەي دادىسىنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلى-
دى، — بالا چوڭ بولدى. ئەندى يولنى ئۆ-
زى تاللىشى كېرەك، ئۇ بالىنى دەپ يى-
راق جايدىن بۇ يەرگە كەپتۇ، ئەندى بىز
بالىنى ئۆز دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىشقا
يول قويمىساق ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يەي-
دۇ. بالىنىڭ قەلبىمۇ زېدە بولىدۇ.

ئانا ئۈنىمىدى، ياغلىق بىلەن كۆز يې-
شىنى ئېيتىۋېتىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ
كەتتى. ئەمما بالا بۇ ئىشقا كۆنىدىغاندەك
ئەمەس ئىدى. ئانا بىر ئاز ئىككىلىنىپ
قالدى:

— ساڭا زادى نېمە بولدى بالام؟ ئۆز
داداڭنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇشۇڭ كې-
رەك ئىدىغۇ؟ مەيلى نېمىلا بولمىسۇن ئۇ
سېنىڭ ئۆز داداڭ ئەمەسمۇ؟

بالا بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى، كۆز-
لىرى دادىسىغا مىختەك قادالدى:

— دادا ئۆز بالىڭىزدىن تېنىۋالاي
دەمسىز!؟ ئۇ دېگەن مېنىڭ دادام ئەمەس، ئۇ
دېگەن ئادەم تەبىئىتىدىن چىققان ھايۋان،
ئازراقلا ئۇچۇن ئۆز پۇشتىدىن تامغان
بالىسى ۋە مېھرىۋان ئايالىدىن يۈز ئۆ-
رۈپ ئۇلارنى چەكسىز قايغۇ- ھەسرەت دې-
ڭىزىغا ئىتتىرىۋېتىپكەتكەن بىر ۋىجدان-
سىز! —ئانا ئوغلىنىڭ مۇنداق قەتئى ئى-
رادىسىگە ھەسلىكى كەلگەن بولسىمۇ، لې-
كىن كىشىلىك ۋىجدانى ئۇنى يەنە ئوغلىغا
نەسىھەت قىلىشقا ئۈندەيتتى.

— ھەي‌ئېسىمۇ ئامالىسىز، داداڭ
سېنى ئالغىلى چەت ئەلدىن كەپتۇ،
ئۇ سېنى مېنىڭ باغرىمدىن ئېلىپ كېتىش-
كە كەپتۇ. لېكىن مەن سېنى... ئانا —
بالا ئىككىيلەن تەڭلا ئۆگەي دادىغا ئې-
لىپ يىغلىۋەتتى.

× ×

سەئۇدى ئەرەبىستان ياسىن بەگنىڭ ئالاھى-
دە زىيارەت بىلەن ۋەتىنىگە كېلىشى بۇ
ئائىلىنىڭ قايغۇ- ئەلەم، پاراكەندىچىلىكىنى
ئاشۇرغان ئىدى. ياسىن بەگ ئەسلىدە
شىنجاڭلىق كىشى بولۇپ ياشلىق چاغلىرى
مۇشۇ يەردە ئۆتكەن، ئالىي مەكتەپتە ئو-
قۇغان چاغلىرىدا تونۇشقان كېيىن يىغلاپ
ئولتۇرغان مۇشۇ گۈلخۇمار بىلەن تونۇش-
قان. باھارنىڭ سالقىن ھاۋالىق ئايدىڭ
كېچىلىرىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان،
كۆڭۈل ھەۋىسىنى ئۇنىڭغا باغلاپ قىزدىن
ساپمۇھەببەت ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ گۈل-
دەك رۇخسارىنى، زىلۋا بويى، سەرۋى قا-
مەت، ئانار دەك مەڭزى، ياقۇتتەك لېۋى،
قىسقىسى، ئۇنىڭ جىسمانى گۈزەللىكىنى
تەلەپ قىلغان. قىز ئۇنىڭ ياسىما سۆز،
ساختا كۆلكىسىنىڭ سېھرى كۈچىدىن مەس
بولغان، شۇڭا ساپ مۇھەببىتىنى، قىزغىن
ھېسسىياتىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ئىدى.
لېكىن ياسىن بەگ ئاتالمىش بۇ ساختا پەز
مەخلۇق ئۇنىڭ سەمىمىي ساپ مۇھەببىتىنى
يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئىپلاس ئارزۇسىنى
قاندۇرۇۋالدى- دە، ھازىرقى ئوغلىغا ھامىلى-
دار ھالىتىدە نىكاسىز تاشلاپ چەت ئەلگە
چىقىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

جاھاننىڭ ۋاپاسىزلىقى، كىشىلەرنىڭ دۇنياسىنىڭ مۇنداق زەربىلىرىگە دۇچ كېلىپ باقمىغان بۇ مەسۇمە قىزنىڭ پاك قەلبى بۇ زەربىدىن قاتتىق مۇجۇلدى. ئۇ، ئۆلۈۋالماقچى بولدى. لېكىن كونا ساۋاقدىشى، ھازىرقى ئېرى بولمىش غازى بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى بۇ يولدىن توستى، نەسىھەت قىلدى. كېيىن ئۇ غازى بىلەن توي قىلدى. مانا ئەمدىلىكتە ياسىن بەگ دېگەن بۇ ئادەم ۋەتەننى كۆرۈش مەخسىتى بىلەن كېلىپ بالىسىنىڭ چوڭ يىگىت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ئۆزىگە خاس پىلانلارنى قۇردى ۋە بالىغا ئىگىدار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، يول مېڭىشقا باشلىدى.

× ×

بالا ئۆگەي دادىسىنىڭ قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشى بىلەن ياسىن بەگ بىلەن ئۇچرىشىشقا ماقۇل بولدى.

چەت ئەل مېھمانخانىسى ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىدى. مىللىي پوسۇندىكى نەقىشلەر ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك مېھمانخانىغا زىننەت بېغىشلايتتى. ئەتراپى بۆك-باراقسان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بۇ مېھمانخانا كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ مەھلىيا قىلاتتى. ئالدى سالامدىن كېيىن بەستىگە ياراشمىغان سېمىز قورسىقىنى تەستە كۆتۈرۈپ غازدەك ئىغاڭلاپ ماڭىدىغان ياسىن بەگ ئالدىدىكى ئوماق، چىرايلىق ئوغلىغا ياسىن تەبەسسۇم بىلەن قاراپ، ئەركىلىتىپ چوڭ ۋە يوغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولىدۇ. بالا خۇددى بىرەر نىجاسەت يۇقۇپ قالىدىغاندەك بېشىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچاتتى، يولقۇناتتى، ياسىن بالىسىنى نوقىدى:

— جىم تۇر پالاقلان، نېمە — داپقا چۈشكەن ماياقتەك سەكرەيسەن، ھە ئۇنتۇپتىمەن، مانا ئالە ماۋۇ ئوتتۇز مىڭ يۈەننى. تەلەپ قىلىدىغىنىڭ شۇغۇ دەيمەن، كۆز چۆجىسى ئەمدىغۇ سۆيگىلى قويارسەن؟

بالا چىداپ تۇرالماي، پۇلنى يۈزىگە ئاتماقچىمۇ بولدى. تۈنجى كۆرۈشۈپ ئاڭلىغان يىرگىنىشلىك سۆز بالىنىڭ ئۆز دادىسىغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانىدى. لېكىن ئۆگەي دادىسىنىڭ ئىشارىتى ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ قويدى.

— شۇنداق، كونا ساۋاقداش غازى، پۇل تاپتۇق، پۇل، مال كۆپىيىپ ياسىن دېگەن ئىسمىمنىڭ كەينىگە «بەگ» قوشۇلدى، ئالقىنىمىزمۇ تىللا كۆردى. ئەمدە نېمە غەم، سەئۇدى ئەرەبتە ئۈچ زاۋۇت، ئوتتۇز فىرمام، يەنە شەخسىي ماشىنام، ھەممە جايلىرى ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدىغان گۈزەل داچام بار. بەختىنىڭ قوينىدا ياشاۋاتىمەن. سەنچۇ قانداق تۇرۇۋاتىسەن، ھە راست، ئايالىمنى سەن ئېلىپسەن. شۇن-

داقمۇ ؟ ھى…ھى…ھى…

ئۇ ئۆز سۆزىدىن ھوزۇرلىنىپ پىخىلداپ كۈلدى.

— ئارتۇقچە پىنى قويي ياسىن، ھا ياسىنزلىقىڭنى يەنىلا تاشلىماپسەن، بالا ئالدىدا مۇنداق گەپلەر نېمە ھاجەت؟ — غازى بالا ئالدىدا خىجىل بولىدۇ.

— نېمە كاكىرايسەن، تۇرمۇش تۆۋەن بولسا ئادەم قوپال بولىدۇ، دەپ راست ئېيتقان-دە! تېخى ياسىن دەپ كەتكىنىڭنى، بەگ دېگەن ھامان بەگ، بالاۋاقاڭنى قوشۇپ سېتىۋالالايمەن. چىپەرقۇت مەستانىسى…

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇ دەپ ئاغزىنى بۇزدى.

— بولدى، ئارتۇقچە تالاشمايلى ياسىن بەگ، بالىنى ئالدىڭغا ئەكەلدىم. بالا رازى بولسىلا ئۇ سېنىڭكى، مېنىڭ ئۇنىڭدا ھەققىم قالمايدۇ.

— تولا ئەزمىلىك قىلما سەربۇش! بالا رازى بولسىمۇ-بولمىسىمۇ مېنىڭ پۇشتۇمدىن تامغان.

— ياق بولمايدۇ، — غازى بىردىنلا ۋارقىرىدى، — ئەگەر بالا رازىلىق بەرمىسە، سوتقا بېرىشتىن باش تارتمايمەن، «ئېسىل بەگزادەم».

— جاجىسى ما نا! — ياسىن بەگ بىر تۇتام پۇلنى غازىغا ئاتتى.

— ئەمدىغۇ نەپسىڭ تويغاندۇ؟!

بالا ئۆز دادىسىنىڭ بۇنچىلىك ھاكاۋۇر، ساختىپەز بىر نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن چۈشەندى. شۇڭا ئۆگەي دادا ئاغزىنى ئۆمەللىگىچە بالا ئاغزىنى ئاچتى:

— ئالە پۇلۇڭنى! دادام، ئاپامنىڭ تاپقان-تەرگىنى ئۈچ جان ئۈچۈن يېتىپ ئاشىدۇ. ئارتۇقچە جوراپ كەتمە! — ياسىن بەگ ئۆز ئوغلىدىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا كۆزىنى چەكچەيتتى.

— نېمە دېدىڭ؟! مەن سېنىڭ داداڭ، مەن دېگەن…

— بايۋەتچە مىليونىر، شۇنداقمۇ؟ — بالا تەنە قىلدى، — پۇلۇڭ ئارقىلىق ھەر قانداق نەرسىنى سېتىۋالغىنىڭ بىلەن ئىنسانىنى، ۋىجدانىنى سېتىۋالالمايسەن، ھازىردىن باشلاپ سېنى تونىمايمەن.

بالا ئۆگەي دادىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭماقچى بولدى. ياسىن ھاكاۋۇرلىقىنى تاشلاپ بالىغا يېلىنىشقا باشلىدى.

— ئوغلۇم، بولدى قىل، ئاچچىقىڭغا ھاي بەر، كەل ئولتۇر، سۆزلىشەيلى، مۇڭدىشايلى، سېنى چەت ئەلگە سەئۇدى ئەرەبكە ئاپىرىپ ئوقۇتىمەن. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىمەن. ماقۇل دېسەڭ ئەتىلا ماڭايلى، ئەمدى مەنمۇ ساڭا ئاتىلىق شەپقىتىمنى يەتكۈزەي، دادا دېگىنە مېنى؟…

— بولدى سۆزلىمە، ياسىنكا، شەپقىتىڭ كېچىكتى، ئەمدى شەپقىتىڭ كېرەك ئەمەس، يېنىمدا شەپقەتلىك دادام تۇرۇپتۇ.

— خەير، — ئۆگەي دادا ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا قوشۇپ قويدى-دە، مېھمانخانىدىن قايتىپ چىقىپ كېتىشتى.

ياسىن بەگ ھەيرانلىقتا پايتىقانلاپ ئولتۇرۇپ قالدى، دايىكا لېۋىلىرىنى غەزەپتىن تىترىتىپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ، داڭ قېتىپ قاراپلا قالدى. ئوتتۇز مىڭ يۈەن ئارقىلىق غازىدىن بالىنى تارتىۋالالمىغانلىقىغا يۈرىكى قاتتىق ئېچىشتى، دېمى سىقىلىپ، يۇمشاق كىرسلوغا «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى.

# كۆڭۈل چەشمىلىرى

زوردۇن ئەمەر

## ۋىسال ئارزۇسى

تۇتاشتى دىلغا بىر يالقۇن، مۇھەببەت ئوت پىرا قىلدى،
مۇھەببەت ئىشقىدا كۆيگەن جانانىنىڭ ئىشتىيا قىلدى.

بىلەلمەي ئەس - ھۇشۇمنى مەن، ئاداشتىم ئىختىيارىمدىن،
قاچانكى دىلغا شۇ بىر ئوت، تۇتاشقانىنىڭ بۇيا قىلدى.

بىرەلمەي ئاخىرى بەرداش، سۆزۈمنى ئەيلىدىم ئىزھار،
تېپىپ پۇرسەتنى پېغاندا، يۈرەكنىڭ ئىپتىخارىدىن.

دېدى ئۇ: ساپ ئەقىل، ۋىجدان سىنايدۇ راست ۋە يالغاننى،
ئۆتەلمەسەن ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ مۇشكۇل سىناقىدىن؟!

دېدىم مەن: سەن ئۈچۈن دىلدار بولايكى تاغ كېسەر پەرھات،
ئۆتەرمەن بولسىمۇ تاغدەك ۋاپانىڭ تىك داۋانىدىن.

دېدى ئۇ: سۆز ئۈچۈن ھەرىكەت، گۇۋاچى مەرت ئوغۇل - قىزغا،
يۈرەك قەلبىن بىلىپ بولماس كۆرۈنگەن ئۆز سىياقىدىن.

دېيىشتۇق: ئەھدى چىڭ بولسۇن ئېچىلسۇن، بەختىمىز كۈلسۇن،
چاچايلى ساپ مۇھەببەتنىڭ يېقىملىق خۇشپۇراقىدىن.

تىكىپ كۆز مەنىلىك باقتۇق، بەخت دەرياسىدا ئاقتۇق،
ئېچىلدى لالە گۈليارنىڭ شۇئان خالى - زىناقىدىن.

تېگىشكەن چاغدا جۇپ لەۋلەر، مۇكۇندى ئايمۇ بىر پەسكە،
يۈرەكلەر تونجى سۇ ئىچتى، مۇھەببەتنىڭ بۇلاقىدىن.

قىلىشقان ۋەدىگە شۇ كۈن، گۇۋاچى بولدى مەجنۇنتال،
چىڭىلدى رىشتىمىز ھەم شۇ، گۈزەللىك پەسلى - چاغىدىن.

كۈلەرمەن ئاخىرى دوستلار، ۋىسال ئارزۇسىغا قانسام،
ئىچىپ مەي بىر ئۆمۈر ئۆتسەم، نىگارىنىڭ مېھرى جامىدىن.

## سېغىنىپ

سالام يازدىم دىلىمدىن سەن يارىمنى سېغىنىپ،
ئوماق يارىم، نىگارىم، دىلدارىمنى سېغىنىپ:

ساداقەتنىڭ بابىدا ئەندى ۋاپا ئەيلىگەن،
ۋاپادارىم، شەپقەتچىم، ھەمكارىمنى سېغىنىپ.

كۈندەك گۈزەل ھۆسنىدىن ئاينى خىجىل ئەيلىگەن،
قەلبى ئوتلۇق، خۇماكۆز، چىراغىمنى سېغىنىپ.

خۇش تەبەسسۇم ناز بىلەن كۆڭۈلنى رام ئەيلىگەن،
ئۆزى ئوڭلۇق، شېرىن سۆز، خۇمارىمنى سېغىنىپ.

چاڭقىغاندا سۇ بولۇپ، ئىلھام بەخش ئەيلىگەن،
تەشنا دىلىمنىڭ شىپاسى، بۇلاغىمنى سېغىنىپ.

خۇشپۇراقلار تارقىتىپ، دىلنى بىھۇش ئەيلىگەن،
چىمەنلەرنىڭ سەرخىلى گۈلزارىمنى سېغىنىپ.

باغلار ئارا جۇلالاپ كۆزنى سېھىر ئەيلىگەن،
رەڭدار بېھىش مېۋىسى، ئانارىمنى سېغىنىپ.

ئىشقىڭدا مەن ئەي نىگار، كۆيدۈم كۈن – تۈن بىقارار،
ساڭا ئوخشاش تىل – تۇمار، قوشماقىمنى سېغىنىپ.

## مەن باراي

«بارالمىدىم، سەن كەلسەڭ» دەيسەن، مەيلى مەن باراي
ياش يۈرەكنى ھىجراندا ئۆرتىمەيلى، مەن باراي.

سەن ئۇ ياقتا، مەن بۇ ياق، بولغاچ ئارا — يول يىراق،
يۈرەلمىدۇق بىرلىكتە قىلىپ سەيلى مەن باراي.

زەپ سېغىندىم سېنى مەن، ئاھ، نىگارىم قېنى سەن؟
مەن بىر مەجنۇن، سەن شۇتاپ بولدۇڭ لەيلى، مەن باراي.

بولغاچ دىلداش ئىككىمىز، چىڭگىلىپتۇ رىشتىمىز،
«بۇمۇ بىزگە بىر تەقدىر، ئامەت» دەيلى مەن باراي.

مەن شۇتاپتا چىدىدۇم، سەن تەرەپكە تۇتۇندۇم،
دىدارلىشىپ – كۆرۈشۈپ، شات كۈلەيلى، مەن باراي.

مۇڭدىشايلى سىردىشىپ، دىلنى ئىزھار قىلىشىپ،
ئۆمرىمىزنى شات – خۇشال ئۆتكۈزەيلى، مەن باراي.

تۆكۈپ ماڭلاي تەرىدىن، باغ ياسايلى ئەجرىدىن،
ئىشلەپ ئۆمۈر باغىنى گۈللىتەيلى، مەن باراي.

باغلار تولسۇن پۇراققا، «زاغ» لار يۇتسۇن يېراققا،
خۇشپۇراقلىق لالە گۈل ئۆستۈرەيلى، مەن باراي.

گۈللەر ئايىنىپ بىخ سۈرسۇن، پورەكلىسۇن - يېتىلسۇن،
مېۋىسىنى ئەل بىلەن بىرگە يەيلى، مەن باراي.

كۈلسۇن ھايات مەناسى، باقسۇن دەۋران رەناسى،
مەنا ئىچرە ئالقىشقا پۈركىنەيلى، مەن باراي،

ھەر قەدەمنى خەيرلىك، باسايلى بىز غەلىبىلىك،
كوچىسىغا پۈشمانلىق دەسسىمەيلى، مەن باراي.

دېمەك باراي، كۈلەيلى، قوشماق بولۇپ ئۆتەيلى،
شۇ ئەھدىنى ۋايىغا يەتكۈزەيلى، مەن باراي.

## قەلەم شۇنداق دەيدۇ ...

كۆيۈپ ئىجاد ئىشقىدا، يۈرسەم بولۇپ بىركاۋاپ،
«تاماشاغا سېتىلدى» دەپ قالماڭ دوست ئالدىراپ.

مەن ئەمەسمەن ئۇنداقچە ئەرزىمەس بىر تاشلاندۇق،
ئۆزگە قەدرىم بار مېنىڭ، نەزەر سېلىڭ بىر قاراپ.

يۈرگەنلىرىم «شىكار»دا، ئەمەس ھەرگىز بىكارغا،
چۈشىنەمسىز نە كويدا، نە ھالەتتە مەن شۇتاپ؟...

بىر سېھرى كۆچ قەلبىمنى كۆيدۈرىدۇ، ئۆرتەيدۇ،
ئۆرتىنىمەن كۈنۈ - تۈن، قىلىپ ئاڭا مىڭ تاۋاپ.

شۇ سۆيگۈنۈم-شېئىر مېنىڭ، كۆيگۈنۈمۇ شېئىر مېنىڭ،
گەر ئۇنىڭسىز بۇ كۆڭلۈم چىكەر يۈز مىڭ ئىزتىراپ.

ھايات ئۆزرە گەر تۇرمۇش بولسا دېڭىز - دولقۇنلۇق،
مەن ئۇنىڭدا ئېيتىلىپ، ئۈزۈپ يۈرگەن بىر كاراپ.

يورغىلايمەن تىنىمسىز، قەغەز ئۈزرە گۈل چېكىپ،
دەيلى دەيمەن ئۇپرىسام، كەتسەمۇ گەر مەن ياداپ.

نەسلىم ئىجات شەيداسى، قەلبىم ئىلھام دەرياسى.
شۇڭا دوستۇم يۈرمەڭسىز مېنى ئۇنداقچە ساناپ.

خالىسىڭىز كۆرۈڭسىز ئاقسۇەتتە بىر سىناپ،
ئۇچرىشايلى ئىجادنىڭ بەيگىسىدە گۈل تاقاپ.

# بىلىم ئىشقىدا

## تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

(مەرھۇم شائىر نىمشېھىتنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

ئەزىز دوستۇم، بىلىمنى سۆي، بىلىمسىزلەرگە ئەش - كار يوق،
ۋۇجۇدۇڭنى بىزەشكە پەن - بىلىمدەك كاتتا زۇننار يوق،
قۇلاق سالغىن، بىلىمسىزلەر ئىچىدە چىن ۋاپادار يوق،
جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار - يوق.

تېشىغا بىر قاراپلا ئالدىراپ دىلبەرگە ئاتساڭ قاش،
بىلىمسىز چىقتى ئۇ دىلبەر، كۆنۈك بولغاي كۆڭۈل ئالداش،
راھەتتە بار، جاپادا يوق، بولالماس ئۇ ساڭا قولداش،
قارا قاشلىق، تولۇن ئايلار ساڭا بىر نەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن پۇلدىن ئايرىلساڭ، سېنى تاشلايدۇ ھېچ ئار يوق.

يۇمۇپ كۆزنى، نادان سالغان قۇرۇق لاپ — يەل بىلەن ئۇچساڭ،
ناداننىڭ ھۆرمىتىگە «ھە، خوش - خوش!» دەپ شاراپ يۇتساڭ،
غۇرۇرۇڭنى ئۇرۇپ تاشقا، ناداننىڭ كۆڭلىنى ئۇتساڭ،
كېرەك كەينىگە نەپسىڭنىڭ بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق.

ئىست! ياشلىقنى دەنىۇ باش ئۇرۇپ ئىشىق پادىشاھىغا،
ھەمىشە بەنت بولۇپ يۈرگەن ئويۇننىڭ سەيلىگاھىغا،
ساۋاب تاپماي ئەشۇنداق ئىگە بولغان ئىشىق گۇناھىغا،
قۇلاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەريادۇ - ئاھىغا،
يۇتۇپ زەرداپ، پىراقىدىن دات دېمەكتىن باشقىچە زار يوق.

پىشانەم ئوتكىدى، تەتۈرمىدى دەپ ئاچتۇرۇپ پال - رەم،
ئاساسسىزلا ئۇچۇر ئىزدەپ، بېشىمغا تېپىۋالغان غەم،
گۈزەل ياشلىق ئۆتۈپ كەتكەن، كۆزۈمدىن قۇرىماي ياش - نەم،
تەپەككۇر ئەيلىسەڭ ئىشقى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھەردەم،
قاراڭغۇ دەر يورۇق دۇنيانى ھەم ئالەم كەبى تار يوق.

نادانلىقنىڭ تىلەك ئايەتلىرى دىلدا زىكىر بولغان،
ئەشۇ تەرىزدە ئۆتۈپ كۆپ كۈنلىرىم، ئاق دىلىمۇ كىر بولغان،
خېمىرنى بولدۇرۇشنى بىلمىگەچ، نانمۇ پېتىر بولغان،
يۈرۈپ مەنمۇ گۈزەل ئىز دەپ جاھالەتكە ئەسىر بولغان،
خالايىق ئالدىدا يۈرسەم، مېنىڭدەك بەلكى ئەغيار يوق.

بولۇپ شەيتانغا يار، ئالدىراپ ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلىنى ئۇتما،
نادانلىق پاتقىقىغا ھەم پېتىپ، كۆڭلۈڭنى ئاۋۇتما،
ياران، ئاخىر پۇشايماندىن ماڭا ئوخشاش زەھەر يۇتما،
پاراغەت ئىزلىسەڭ ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما،
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.

تۇرالماس تىك – ئۆرە زىنھار ئىچىدە نەرسە يوق خالتا،
بولۇپ تەھقىق بىلىمسىز كىشىنىڭ قىلغان ئىشى چولتا،
كۆڭۈل باغى چاچار خۇشبۇي، بىلىمنىڭ گۈللىرى تولسا،
ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس، بىلىمدەك ئاڭا غەمخار يوق.

بىلىمسىز سەن، ئەزىز دۇرسەن، ئۆتۈر كۈن تۇرمۇشۇڭ كاتتا،
بولۇر چىن ھۆرمىتىڭ يۇرتۇڭدا بولغىن ياكى بول ياتتا،
ئۆلۈپ كەتسەڭ، قالۇر نامىڭ ئۇلۇغ ئالىم دېگەن ئاتتا،
بىلىمسىز ساق تېنىڭ مەجرۇھ، ھەمىشە نالۇ – پەريادتا،
جاھان ئىچرە بىلىمسىزنىڭ دىلىدەك ئەسكى بىمار يوق.

سېنى ئالدايدۇ ياش كۆڭلۈڭ، پەخەس بول بولمىغىن سەن گول،
ئۆزۈڭنى چاغلا، چىڭ تۇت، سەيلىگە تارتقاندا سىرلىق قول،
قېنى، كىم بەيگىدە چاققان، شۇنىڭدۇر پەن بىلىمدە يول،
بىلىمگە ئاشىنا بولساڭ، ئوقۇش ئىشقىدا بۇلبۇل بول،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق.

قۇلاق سالمايدۇ ھېچكىم، گەر ئۆزۈڭ ئۈستىدە پو ئاتساڭ،
چۈشەر قەدرىڭ، ۋالاقتەككۇر بولۇپ ھەر يەردە گەپ ساتساڭ،
لېكىن كەتمەس بىكار ئەجرىڭ، بىلىمنى دەپ جاپا تارتساڭ،
جاھاننىڭ قايسى يوچۇق، پۇچمىقىغا باش تىقىپ ياتساڭ،
بىلىم تارتىپ چىقار مەيدانغا، ھېچ بىر كىمگە ئەخبار يوق.

گۈزەل ياشلىق ـ كىشىگە ھېچ تېپىلماس زور گۆھەر بىلسەڭ،
گۆھەردەك ئەشۇ ياشلىقنى تىرىشماسلىق خەتەر، بىلسەڭ،
نادانلىق ـ ئۇ، كىشىنى ئۆلتۈرىدۇر ئوغا ـ زەھەر، بىلسەڭ،
بىلىم روھى ئوزۇق ئىنسان ھاياتىغا، ئەگەر بىلسەڭ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگۈچى ئۆلمەس، بۇڭا ئىنكار يوق.

ئىچمەك بىرلە تېپىشكىنى بېزىشىڭ خوپ كەلمىگەندە ماس،
قۇرۇق، پور سۆلىتىشكە ھېچكىمشى كۆز قىرىنى سالماس،
بىلىمسىز ئەھلى سۆلەتنى زامان بىر پۇلغىمۇ ئالماس،
چاپان ھۆرمەتلىرى ھېچچاغ چاپاندىن ئايرىلىپ قالماس،
كېتەر پۇلدىن يىغىلغان دۆلىتىڭ پۇل بىرلە، ئەسرار يوق.

شەرەپ تاپماقچى بولساڭ ئىشلىتىپ گەر ساختا ـ يالغان پەن،
قالۇرسەن ئاقىۋەت زاڭ ـ كۈلكىگە، بولغاي ھېلەڭ روشەن؛
كۆمۈلمەي يەردە يۈرگەن مۈردىدۇر ئىدراك ـ ئەقىلسىز تەن،
چاپان بىزلە ئۆزۈڭنى پاقىراتساڭ بىر بوياقچى سەن،
بىلىم ئەسىرى بۈگۈن، سىرلىق ـ چاپانلارغا خېرىدار يوق.

ھەسەت ئەيلەپ، خىيالىڭدا كىشى بەختىگە ئاتتىڭ تاش،
بىراۋنى ئالدىماق بولدۇڭ يەنە سەن ئويىنىتىپ كۆز ـ قاش،
ئۆزۈڭنى چاغلىماي شىلتاڭ ئېتىپ، بولدۇڭ كۆتۈرمەك باش،
بۇلاردىن قولغا كەلگەن ئابرويى جىنىنىڭ چۈشى ئوخشاش،
خىيالى بۇ تىلەكتە سەن كەبى باخشىغا جىندار يوق.

جاھاندا يوق پەقەتلا پۇلغا دۇم چۈشكەن كىشىدەك پەس،
پۇلۇڭغا بەك ئىشەنسەڭ، ئاخىرى باسقاي سېنى غەم ـ نەس،
تۈگەيدۇ بولسىمۇ تاغدەك پۇلۇڭ ئۇچقان كەبى ئوت ـ خەس،
ئۆمىد قىلما پەلەك ھەرگىز سېنىڭ بەختىڭگە چۆرگۈلىمەس،
بۈگۈن باي، ئەتە سەندەك ھېچ گادايى يوق، بەلكى قەرزدار يوق.

قېنى كىم بولدى ئالىم، بۇ جاھاننىڭ بىباھاسىدۇر،
جاھاننى ئۆرە تۇرغۇزغان بىلىملىكنىڭ چاكاسىدۇر،
بىلىم ئىنسان ھاياتىدا جىمى بەختىنىڭ ئاساسىدۇر،
بىلىمدىن چەتتە كۆرگەن راھىتىڭ جانىڭ جاپاسىدۇر،
چېنىغا جەبرى قىلماققا بىلىمسىزدەك سىتەمكار يوق.

ئېچىشقا سىر ئېلىمىدىن، كۆككە ئۇچقان بىر ئەسىر دۇر بۇ،
ئىلىم — پەندە شەرەپ — شانلارنى قۇچقان بىر ئەسىر دۇر بۇ،
ئاجايىپ سىر — خەتەرنى گۆرگە تىققان بىر ئەسىر دۇر بۇ،
بىلىمدىن ھەممە ئىشى روياپقا چىققان بىر ئەسىر دۇر بۇ،
بىلىش لازىمكى بۇ كۈندە بىلىمسىزلەرگە خۇشتار يوق.

بۈيۈك سەرۋى، چېچەك سۇمبۇل، چىرايلىق جىلۋىگەر گۈلگۈن،
كىشىگە ياقسا بۇلبۇل سايرىغاندەك سەندىكى خۇش ئۈن،
لېكىن قاچقاي كىشى نادانلىقىڭ ئاشكارە بولغان كۈن،
بىلىمدىن باتىنىڭ نۇرلانمىسا، كۆڭلۈڭ قاراڭغۇ — تۈن،
ھۇقۇش نۇرىغا مۇنكىر شەپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق.

ساڭا خەلقىم ھوقۇق بەرسە، كېيىردىن سۆز بايان قىلما،
بىلىم بىرلە ھوقۇق تۇتقىن، كېلىڭنى ھەم يامان قىلما،
بىلىمگە قىل مۇراجىئەت، يۇرت ھاۋاسىنى تۇمان قىلما،
زېمىننى توپ قىلىپ ئوينىشنى سەن چاقچاق، گۇمان قىلما،
ھەقىقەتتۇر بۇ كۈن ھەر ئىش كەمەكتەك جادۇ — ئەييار يوق.

بىلىمگە مۇپتىلالىقتىن غۇرۇرلانسا كىشى كۆڭلى،
يېڭى كەشىپ مۆجىزاتتىن تېز ئۇچۇرلانسا كىشى كۆڭلى،
بىلىم گۈلزارىدا دائىم ھوزۇرلانسا كىشى كۆڭلى،
ئەجەپلەنمە بىلىم نۇرىدا نۇرلانسا كىشى كۆڭلى،
ئۇنىڭغا كۆكتە، سۇدا، تاغ-دېڭىزدا يۈرسە دىشۋار يوق.

بىلىم ئەھلى ھامان ھەق سۆزلىگەي، ئاقنى قارا كۆرمەس،
ئۆزىگە يار تۇتۇشتا ھەم بىلىمسىزنى راۋا كۆرمەس،
بىلىمسىز قالسا كىم، دوست — ياردىن، بەختتىن ۋاپا كۆرمەس،
بىلىملىك تاغنى باغ ئەيلەشتە ھېچقانچە جاپا كۆرمەس،
بىلىمسىز قان يۇتار، نادان كىشىلەردەك جاپاكار يوق.

جاھاننىڭ شائىرىمەن دەپ ئۆزۈڭنى چاغلىما سۇلتان،
ئېسىڭدە تۇت ھامان، يوقتۇر كىشى ئالەمدە بىنۇقسان،
تىرىش تۇرغۇن، بىكار ياتماي، تېنىمدىن كەتتى دەپ دەرمان،
ئۆزۈڭنى ئىشقەمەت ئۇشبۇ پىكىرگە ئەيلىگىن قۇربان،
بىلىمدىن رىشتە ئۈزگەنلەر كەبى قاتتىق گۇناھكار يوق.

# بىلىم ئىشقى

## بۇۋىھەجەر ئارمىيە

ئايا دوستلار بىلىم ئىشقى ئەجەب ئىنتىزار قىلدى،
كېچە - كۈندۈز ئازابلاندىم يۈرەكنى پارە - پار قىلدى،
پەلەكنىڭ گەردىشى قەستلەپ يولۇمنى بەكمۇ تار قىلدى،
بىلىمسىزلىك مانا ئەندى مېنى ئۇتتا خارۇ - خار قىلدى،
رەھىم قىلماي بۇ جانىمغا ئازابلاپ زارۇ - زار قىلدى.

بىلىم دەرمەن كېچە - كۈندۈز بىلىم دەپ چىققۇسى جانىم
بىلىم دەپ نالىلەر قىلدىم دىمىنۇت ئۆتكۈزمىدىم دائىم،
بىلىم دەپ مەۋجى ئۇرماقتا تومۇردا ئۇخچىغان قانىم،
ئىدى بەختىم كۆرۈنسەگەر كۆڭۈل ئاسمانىدا ماھىم،
رەھىم قىلماي بۇ جانىمغا، مېنى بىئېتىبار قىلدى.

تۇغۇلغاندىم بىلىم ئەھلى ۋۇجۇدىدىن چېچىپ نۇر دەك،
تىلىم چىققانىدى ھەمدە سەبى دىلدا ئۈمىد يۈكسەك،
سۆيۈنگەن جان ئانام شۇندا «بىلىم ئال ئىزباسار بول» دەپ،
ھا ياجان ئىلكىدە باققان ئېچىلغان قىپ- قىزىل گۈلدەك،
رەھىم قىلماي بۇ جانىمغا پەلەك ھەسرەتىنى يار قىلدى.

يېتىپ ئوقۇش يېشىغا مەن قوشۇلغاندىم ئۇلۇغ سەپكە،
ۋەتەننى قاپلىدى زۇلمەت بىلىم ئەھلى قىلىپ دەرتكە،
كىمزەندە پۇشتى بولدۇم مەن يېزىلدى تارىخىم بەتكە،
ئوقۇشتىن ھەيدىلىپ كەتتىم يېشىم ئوندا سىنىپ تۆتتە،
رەھىم قىلماي بۇ جانىمغا، يۈرەكتە داغنى بار قىلدى.

شۇ كۈندىن باشلىنىپ ھەسرەت يۈرىكىمدىن ئورۇن ئالدى،
ئىست ئونبەش يېشىم شۇنداق مالامەت ئىلكىدە قالدى،
دېمەستىن تەقدىرىم شۇنداق يۈرەكتە بىر ئىشق ياندى،
«بىلىم ئال، توختىما ھەرگىز» دېدى ۋىجدان نىدا قىلدى،
رەھىم قىلماي بۇ جانىمغا بىلىم، ئىشقىدا زار قىلدى.

بىلىم دەپ نالىلەر قىلسام ۋەتەننىڭ باغرىدا تىنماي،
كى لەختە بولدىلەر باغرىم بىلىمنىڭ ئىشقىغا قانماي،
ئەجەب قىلدى مېنى سەرسان پەلەك ھالىمغا ئوڭ باقماي،
لېكىن يانمايمە بۇ يولدىن بىلىمگە ئەسرار بولماي،
رەھىم قىلماي بۇ جانىمغا زامانە بەكمۇ خار قىلدى.

ئۈمىدىم چولپىنى غايەم ئىرادەم يار بولۇر ھەر ۋاق،
بۇ دۇنيادىن كېتەر بولسام بىلىمسىز كۆز يۇماي قالداق؟
بىلىمنىڭ ئىشقى ۋولقاندۇر شۇڭا قەلبىم تۇرار ئويغاق،
ھامان يەتكەيمەن ۋەسلىگە، پېقىرنىڭ ۋەدىسى شۇنداق،
رەھىم قىلماي بۇ جانىمغا مېنى سەلدەك ئاقار قىلدى.

# غەزەللەر

### ئىبراھىم ئىزاقى

## سەن بىلەن

تاڭدا كەلدىم باققا سەير ئەتكىلى يار سەن بىلەن،
نە سەيىر، يەڭنى تۇرۇپ تەر تۆككىلى يار سەن بىلەن.

توق بېرىپ ھەل رەڭ بوياق نۇسخا ئېلىپ دىل رەڭگىدىن،
خۇددى ئاق قەغەزگە ئۈز گۈل چەككىلى يار سەن بىلەن.

سۇغۇرۇپ يۈرەك سۇيىدە يەرگە مېھرىنى بېرىپ،
ئۆستۈرۈپ گۈللەرنى پەرۋىش ئەتكىلى يار سەن بىلەن.

ياگىرىتىپ مېھنەت كۈيىنى سۇبھىدىن شامغا قەدەر،
باغدا گۈلشەننى يەنە كېڭەيتكىلى يار سەن بىلەن.

كۆكرىكىگە گۈل تاقاپ سەپەردە شان قۇچقانلىقىنىڭ،
تۆھپىكارلار روھىنى ئۆرلەتكىلى يار سەن بىلەن.

ئەجرىمىزنىڭ قەنتىنى ئەل يۇرت بىلەن بىللە چېقىپ،
يېڭى گۈلشەندە مۇراتقا يەتكىلى يار سەن بىلەن.

## كېلىپ

ئىشتىياق ھەۋەس بىلەن ئەي گۈلخۇمار باغقا كېلىپ،
دىلنى شات ئەتتىڭ سېغىنغاندا نىگار باغقا كېلىپ.

تارقىدى كۆڭلۈم كۆكىدىن داغى ـ ھىجران بۇلۇتى،
سەن تۇتۇپ ۋىسال شارابىدىن ئىپتىخار باغقا كېلىپ.

كۈلدۈرەلمەي گۈل ـ چېچەكنى ياتقىنىڭدا يالتىيىپ،
يار ـ يۆلەك باشلامچى بولدۇڭ زەربىدار باققا كېلىپ.

غايە، ئۈمىد ۋادىسىدا چاپتى ئىشەنچ تۇلپۇرۇم،
مېنى غەيرەت ئۇيقىدىن قىلدىڭ بىدار باغقا كېلىپ.

پىرىكەنسەن ئۆستۈرۈشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇل بىرلە گۈل،
ئەيلىدىڭ ئىلھامىنى ئىنئام بىسيار، باغقا كېلىپ.

شۆھرىتىڭنىڭ شامى يورۇتتى گۈلىستان يۇرتىنى
ئەيلىدىڭ ئەل قەلبىگە چاچقۇ ناھار باغقا كېلىپ.

سورىسام غەم ئىلكىدە «كەلدىم» دېدىڭ كەتمەس بولۇپ،
شۇ سۆزۈڭدە مېنى قىلدىڭ بەختىيار باغقا كېلىپ.

## سۆزلىرىڭ

ئاي يۈزۈڭ، ئاھۇ كۆزۈڭ ياقا ئەي نازاكەت سۆزلىرىڭ،
ئەيلىدى قەلبىمنى شەيدا پاك، پاساھەت سۆزلىرىڭ.

دىلدا ئۇرغۇتتى غۇرۇر، ئوغۇز سۇتىدەك تەمدە،
ساپ ئانا تىل تېرىسىنى ئۈز شىۋە ئادەت سۆزلىرىڭ.

جۈملىلەرنىڭ ھۆسنىگە قوشقان ھۆسۈن تەمسىل ـ ماقال،
ئىستىلىستىك ۋاستىدە تاپقان كامالەت سۆزلىرىڭ.

ھەجمى يىپىق، پۇختا مەنتىق، پەلسەپىۋى مەنا جىق،
قىلچە قىلمايدۇ سوئال، ئىزاھنى ھاجەت سۆزلىرىڭ.

كىردى سېنى بىر گۈزەللىك ئالىمىگە يېتىلەپ،
بەردى زوق، روھى ئوزۇق، مەنىۋى راھەت سۆزلىرىڭ.

كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكىدۇر تىل قەلبىگە تەرجىمان،
بەردى سەنئەتكارلىقىڭدىن چىن بىشارەت سۆزلىرىڭ.

بىر كۆرۈپ ئايدەك يۈزۈڭنى قالمىغان ھەسرەتتىمەن،
تۈنجى ئاڭلىدىم جېنىمغا سالدى ئاپەت سۆزلىرىڭ.

## قۇتۇلۇپ

ئاقىۋەت چىقتىم يورۇقلۇققا «ھەرەم»دىن قۇتۇلۇپ،
نە ھەرەم، ئىچىدە جەھەننەم دەرت ـ ئەلەمدىن قۇتۇلۇپ.

جۇر ئىتىم بولدى قانات ـ پەر ئۈمىدىمنىڭ قۇشىغا،
چۈشتى تاغ يەلكەمدىكى بېشىممۇ غەمدىن قۇتۇلۇپ.

قالدى مېھراپ، جەينىمازدا تەسۋى ھەم چۈمپەردىمۇ،
تىز ـ پېشانەمنى يېغىر قىلغان ھەشەمدىن قۇتۇلۇپ،

ئۇچتى ئەركىنلىك كۆكىگە كىشىلىك ھوقۇق قۇشۇم،
كۈلكە كۆردى لەۋلىرىم كۆزۈممۇ نەمدىن قۇتۇلۇپ.

پەن ـ مائارىپ گۈلشىنىدە سايرىدىم بۇلبۇل بولۇپ،
روھى ئوزۇققا ئېرىشتىم «پەنسۇرەم» دىن قۇتۇلۇپ.

دىلغا چاشتى نۇر تەپەككۇر جەۋھىرى تولغان كىتاب،
رەھنىما يول باشچى تاپتىمكى «ئىگەم» دىن قۇتۇلۇپ.

..........................................................

ئىگە بولدۇم «تۆھپىكار» دەپ نامغا ھالال تەر تۆكۈپ،
«زاھىدە بۇۋەم» دېگەن ئاتاق ـ لەقەمدىن قۇتۇلۇپ.

# قايغۇلۇق خەۋەر



ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ پروزا ساھەسىدە يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان ياش يازغۇچى ئومەرجان ساۋۇت، رېماتىزملىق يۈرەك كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1988 ـ يىلى 8 ـ مارتتا (24 يېشىدا) ۋاپات بولدى.

ئومەرجان ساۋۇت 1963 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ يېزىسى ئوستەڭبويى كەنتىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى بوزدۆڭ يېزىسىدا تاماملاپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەپەرگە قوبۇل قىلىنغان. سەپەرنى 1982 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، بوزدۆڭ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئومەرجان ساۋۇت ئەدەبىي ئىجادىيەتكە 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ كىرىشىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پروزىنىڭ ھېكايىچىلىق ژانىرىدا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «كولەڭگە»، «ئۈنى تولۇپ قىرىۋگىلار» ناملىق بەش پارچە ھېكايىسى، «تارىم» ژۇرنىلىدا «كولەڭگە» («تەرمە گۈللەر» سەھىپىسىدە)، «تۆل خوتۇن» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ياش يازغۇچى ئومەرجان ساۋۇت ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئۆزگىچە، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ماھارىتىدىن بىشارەت بېرىپ، ئەدەبىيات قوشۇنىمىزغا كىرىپ كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى ۋاپاسىز قىسمەت ـ ئەجەل، ئۇنىڭ يىركىنىشلىك ھەرىكىتى بىلەن، ياش يازغۇچىمىزنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى.

ئۇ، ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق، ئاقكۆڭۈل، تىرىشچان، پەزىلەتلىك بىر ياش ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئۈمىد چوڭ ئىدى.

ۋىلايىتىمىزدىكى بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى سەبداشلىرىمىزغا ۋاكالىتەن ياش يازغۇچى ئومەرجان ساۋۇتنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇ، ئىچىنىش ئىچىدە تەزىيە بىلدۈرىمىز.

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى.

## مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يېقىن دوستى، ياش شائىر جېلىل خېلىلىنىڭ تەزىيە خېتى

ئومەرجان ساۋۇت (تۈنۈگۈن كېچە) تۈگەپ كەتتى.

... «ئۇنىڭ ھاياتى ئېيتىپ بولالمىغان ناخشا بولۇپ قالدى» (گوركى) ... ئۇ يەنە ناخشا ئېيتاچى ئىدى ھەم ئېيتالايتتى...

... ئۇنىڭ ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كېتىشى ئاقسۇدىكى ئەدەبىياتنى چۈشۈنىدىغان ۋىجدانلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ...

... مەن مۇشۇ كەمگىچە خېلى كۆپ ئادەملەرنى ئۇچراتتىم، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئادەم» لەر ئاز ئىدى. ئومەرجان ئەشۇ ئاز «ئادەم» لەر ئىچىدىكى ۋەكىللىك شەخس ئىدى ...

ھۆرمەتلىك ئېزىز ئاكا! ...

ھاياتتا ئاھ ئۇرسا بولمايدۇ لەززەت،

لەززەتسىز ھاياتتا ھەم بولماس ئاھ ئۇرۇش...

مەن ھازىر ئومەرجان ساۋۇت ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇۋاتىمەن. ئىلاھ ئومەرجان ساۋۇتنى ۋاپىغا يەتكىلى قويسا بولاتتى ... ئۇ ئۇبدانراق ياشاپ باقماقچى ئىدى ... ئۇ ئۇبدان ياشىيالايتتى... ئۇ بىرەر ئىشقا كەلسە ـ كەلمەس ئۇرۇنۇپ بېقىشنى خالىمايتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ قىسقىغىنا ھاياتىدا يەرگە ئۇبدان دەسسەشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولغانىدى! ...

... ۋا دەرىغ! ... ئۇنىڭ بىزگە سۇنغان قولى بىز بىلەن كۆرۈشۈپ بولغىچە چۈشۈپ كەتتى!!!...

1988 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

# كۈتۈلمىگەن ئامەت

(ھېكايە)

## ئامانگۈل مامۇت

ئاسپالىست يولدا ئالدىراپ كېتىۋاتقان توختىنىڭ چىرايىدىن بىرەر ئىش سەۋەبىدىن ئىت - تىت بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يېنىدىكى ياشقىنا يىگىتكە قاراپ:

— قاسىم سەن مۇراتنى تونۇمسەن؟- دەپ سورىدى.

— ياق، - دەپ بېشىنى چايقىدى قاسىم.

— ئەستاغپۇرۇللا يەنە تۆتسائەتلا ۋاقىت قالدى. بىز ھېلىقى ئوقۇتقۇچى مۇراتنى بىر تاپساق بولاتتى.

— ھە مۇنداق دېسىلە توختىكا، ئۇ مۇراتنى مېنىڭ ئاغىنەم تاھىر تونۇيدۇ، بىز مۇراتنى تاھىر ئارقىلىق ئىزلەيلى...

شۇ ھامان توختىنىڭ كېچىدىن بېرى ئۇخلىماي ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە كۈلكە ئالامىتى پەيدا بولۇپ، كەپسىز چىرايىدا ئازراق ئۈمىد نۇرلىرى پارلىدى.

— ئۇكام مېنى ئوقۇتقۇچى مۇرات بىلەن بىر كۆرۈشتۈرۈپ قويغىنا، - ناۋادا ئۇ مۇرات بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى ئاخشاملا قاسىمغا ئېيتقان بولسا كېچىچە بىر دەم بولسىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىۋالغان بولاتتى. ئۇ قاسىم بىلەن بىر ئورۇندا ئىشلىگىنىمۇ بەش يىلدىن ئاشتى « ھەي سېنىڭ باشقىلارغا ئىشەنمەيدىغان خۇيۇڭزە ...» توختى ئۆز - ئۆزىگە كايىدى كېتىۋېتىپ.

— غەم قىلماڭ، توختىكا مەن سىزنى تاھىرنىڭ ياتىقىغا باشلاپ بارىمەن. ئۇ بىزنى مۇرات بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇ ناھايىتى ياخشى بالا، مەن ئۇنى تاھىرنىڭكىدە بىر قېتىملا كۆرگەنىدىم. توختىكا مۇرات بىلەن كۆرۈشۈشكە شۇنچىلىك ئالدىرايدىغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— كېيىن بىلىسەن... توختى يەنە سائىتىگە قارىدى، شۇ چاغدا قاسىم ئالدىدا ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بۇغداي ئۆڭ، ئېگىز بويلۇق قاملاشقان يىگىتكە قاراپ:

— تاھىر... دەپ توۋلىدى.

— شەھەرگە قاچان كەلدىڭ؟ - سورىدى تاھىرمۇ بۇ كۈتۈلمىگەن كۆرۈشۈشتىن ئاجايىپ خوش بولۇپ.

— تۈنۈگۈن كېلىشىم. باڭكا خادىملىرىغا كەسىپتىن ئىمتىھان باركەن، بۇيىل بىزنىڭ خىزمەتدىشىمىز توختى بولىدۇ، - دەپ تونۇشتۇردى. قاسىم تاھىر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— تاھىر ھازىر ئىشىڭىز ئالدىراشمۇ؟

— ئانچە ئەمەس. يېقىندا سىرتقى ناھىيىلەرگە خىزمەتكە چىققانىدىم.

— قاسىم سەن شەھەرگە قاچان يۆتكىلىپ كېلىسەن، ئاينۇرنى ساقلىتىپ قويۇپ يېزىدا ئىشلەۋېرەمسەن؟...

— بولدى. ئۇ ھەقتە كېيىن سۆزلىشەيلى، ھە راست سەن ئوقۇتقۇچى مۇرات بىلەن بىزنى كۆرۈشتۈرۈپ قويساڭ.

— مۇرات ناھايىتى ئالدىراش، شۇنداق بولسىمۇ بېرىپ باقايلى.

ئۇلار بىرلىكتە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشكەندە دەرۋازىدىن چىقىۋاتقان مۇراتنى ئۇچرىتىپ قالدى. تاھىر مۇراتنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى. مۇرات ئاقكۆڭۈل، خۇشپېچىم، يىگىرمە ئالتە ياشلار چامىسىدىكى يىگىت ئىدى. ئۇلار ئۈچى ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ كەتتى. توختى ئۆزىنى بىر ئاز ئەپسىز ھېس قىلغان بولسىمۇ ئۇلارنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. قاسىم توختىنىڭ كۆڭلىنى دەپ مۇرات بىلەن تاھىرنى بەكرەك زورلىدى. ئۇلار بىرلىكتە كوچىنىڭ سول تەرىپىدىكى پاكىزە، ئازادە بىر ئاشپۇزۇلدا غىزالاندى. بۈگۈن توختىنىڭ ئاجايىپ مەرتلىكى تۇتۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارغا بىر تەخسىدىن ئايرىم سەي قورۇتۇپ جوزا ئۈستىگە ئىككى بوتۇلكا ھاراقنىمۇ تىكلەپ قويدى، قاسىم توختىنىڭ بۇ ئىشىغا بىر ئاز ھەيران بولدى. چۈنكى توختى بۇرۇندىن پۇلنى قىسىپ ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۆت بالىسى بار، ئايالىمۇ ئائىلىدە، قىيىنچىلىقمۇ خېلى ئېغىر ئىدى. ئۇ توختىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىسىمۇ، مۇرات بىلەن كۆرۈشۈش پىكىرلىشىش ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار خېلى راۋۇرۇس مېھمان بولدى.

«بۇ پۇللار بىلەن يالىڭاچ بالىلىرىنىڭ ئۈچىسىنى قامدىۋالسىچۇ؟» دەپ ئويلىدى قاسىم، توختىنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن مەرتلىكىدىن ھەيران بولۇپ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن مۇرات ئىشخانىدا ئازراق ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۇلار بىلەن ئالدىراش خوشلاشتى. توختى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىشخانىغا كىردى.

مۇرات ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ۋە چۈشەنمىگەنلىك ئىچىدە مۇلايىم قارىدى.

توختى سەل ئىككىلىنىپرەك:

— ئېنىم ئاز بولسىمۇ ماۋۇنى ئېلىپ قويۇڭ، — دېگىنىچە سومكىسىدىن ئىككى يېرىم مېتىر قارا سارجىنى چىقىرىپ مۇراتنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاڭلىسام سىز بۇ قېتىمقى ئىمتىھاننىڭ كومىسسىيەسى ئىكەنسىز، مېنىڭ ئوغلۇم سىز نازارەتچى بولىدىغان ئۈچ مەيداننىڭ ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئىمتىھان بېرىدۇ، ئامالىڭىز بولسا ئوغلۇمغا ئازراق ياردەم قىلسىڭىز، ئائىلىمىزدە قىيىنچىلىق بار. شۇ بىر بالام مەكتەپتە ئوقۇپ قالسا دېگەن ئارزۇدا ئىدىم... ئۇ ئاخىرى سۆزىنى تەسلىكتە قىلدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىمۇ بىر ئاز قىزىرىپ كەتكەنىدى.

مۇراتنىڭ مۇلايىم ۋە كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىدا كۈچلۈك ھەيرانلىق ۋە ئەجەپلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. مۇرات ئېچىنغان ھالدا توختىغا قاراپ:

— توختىكا، مەن ئىمتىھان نازارەتچىسى مۇرات ئەمەس، ئۇ باشقا يەنە بىر مۇرات، بۇ مەكتەپتە ئىككى مۇرات بار، لېكىن مەن شۇ مۇرات بولغان تەقدىردىمۇ بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلالمايمەن. مۇراتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان توختى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىد سارىيى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى.

جوزا ئۈستىدىكى سارجىنى ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئىتتىك سومكىسىغا سالدى. ئۇ مۇراتنىڭ ئىشخانىسىدىن قانداق چىققانلىقىنى بىلمەيتتى.

# شېئىرلار

**ياسىن ئەمەت**

## دېڭىز ناخشىسى

1

ناخشام...
ياراتتى دېڭىز.
ئىزلىرىمدا بۇژغۇنلارنىڭ،
مىسكىن كۈيلىرى...

2

ناخشام...
كېمىلىرىمدىن
چۈشكەن تامچىلار،
سۆيگۈ بەردى تارىم لېۋىگە.
قېنىپ
چاققاق لەۋلىرى تارىمنىڭ،
زۇمرەت ياسىدى.
دولقۇنلاپ
ھەمراسى بوپ دېڭىزنىڭ...

3

لەرزان دەسسەپ،
بىر ئاققۇ
كېلەر پەر قېقىپ.
دولقۇنلارنىڭ خەنجىرى
ئۈزدىلار كۆكسىگە،
قۇت بېرىپ.
ئاپئاق سۈتتەك كۆپۈكىسى،
يەلپۈنەر
غەمگە تولغان كۆزلەرنى،
ئۇپۇق تامان
دېڭىز يۈزىدە چاقنىتىپ...

4

قويۇۋېتىڭلار ئەركەمنى،
دېڭىزلارغا چۆمۈلسۇن.
ناخشا ئېيتىپ يەلكەندە،
كۆك دېڭىزغا يۈزلەنسۇن...

## ئوۋچى

كۆزلىرىم
يۆتكەپ كېلىپ ئۇپۇقنى...
تۇتاشتۇرار
يەرنى،
ئاسماننى،
قۇياش، ئاينى ھەم.
ئاچكۆز كۆزلىرىم،
ئوۋلاپ كېلەر.
تاپماي قانائەت،
چىمەنلەردىن
بوتا كۆزلۈك،
سەبى كىيىكلەرنى...

## غەۋغاسىز چوققا

1

كىرپىكلىرىڭدە
تۆكۈپ يۇلتۇزنى.
مېنى
مىسىڭ ئۆلتۈرسەن بىھوش قىلىپ.
تىنىقلىرىڭ ئىزگۈ
كۆتۈرەلمەي
يېرىملار قەيرىلەر...

2

لەۋلىرىدە
كۆيدۈرسەن قۇياشنى.
كۆكسۈڭگە ياتماس
ئالەمنىڭ
ئۇ چېتىمۇ
بۇ چېتىمۇ...
چۈشلىرىم سېغىنىدۇ
سېنىڭ ئەشۇ
تەبەسسۇم چېھرىڭنى...

3

يىغاك
تەكلىماكانغا
تېرىدى گۈللەرنى...
مەيىن پىچىرلىشىڭ
سۈرۈپ كەتتى ئۇپۇققا،
تېنەپ يۈرگەن
ئېغىر تەشۋىشلىرىمنى...

## تۈن قوينىدىكى سادا

چاقماق بولۇپ چېقىلسام،
تۆرەلىپ يېڭىدىن.
«ئىڭگە» قىلىپ
بوۋاقنىڭ زىل ئاۋازىدا...
سادالىرىم...
كەتتى ئۇچۇپ
ئالەمنىڭ چەت - چەتلىرىگە...
شات قۇچۇپ زەڭ سالسام
ئىڭراشلىرىم،
خەۋەر بېرىپتۇ ھاياتتىن،
شىۋاق باسقان
قەبرىلەردىن
قەبرىلەرگە...

## باھار كۈلدى

1

شامال
لەرزان ئۇسسۇل ئويناپ،
سۆيدى ئىللىق
ئەتلەس كۆينەكلىك
باھارنى...

2

چۆللەر يېشىنىپ
چۆرۈپ تاشلىدى،
جۇل - جۇل چاپاننى.
بىخ يارغان نوتىلار
ئەتىر تېمىپ ئۇماق ئاغزىدا،
يېقىملىق تىنىقلار...

3

تال - تال ئۆرۈپ چېچىنى،
گىرەلىشىپ شامال بىلەن
نازلىق ئەپچىدە،
ۋىلىقلاپ
كۈلدى گۈلباھار...

## خىيال

دېھقان
شىمايلاپ يەڭلىرىنى،
چىقتى ئېتىزغا...
نۇر ئىچىدە،
شەلپەر كۆينەكلىك بىر چوكان،
ناخشا ئېيتىپ
چۈشتى ئۇسسۇلغا...
دېھقان سايە قىلىپ قولىنى،
خىيال سۈردى
مېيىقىدا كۈلۈپ...

# ئاچچىق - چۈچۈك تۈيغۇلار

**ئىبراھىم قۇربان**

## ئىزلە مېنى

كۆرمەي تۇرۇپ كۆيۈپسەن جانان ماڭا،
خەت يېزىپسەن ئىشقىڭنى ئىزھار قىلىپ.
جاھاننامە ئەينىكى بارمۇ سەندە،
قويغانىدىمەن قانداقچە ئوتقا سېلىپ؟

چاقماق چاققان پەيتىدە ئىزلە مېنى،
كۆرمەك بولساڭ ئاسماننىڭ گىرداۋىدىن.
مەن گۈل چەكسەم گىرانىت تاش ئۈستىگە،
چاقار چاقماق بازغاننىڭ پەريادىدىن.

ئىزلە مېنى ئوكيانلار مەۋج ئۇرسا،
مەۋج ئۇرار غەۋۋاستەك ئۈزگەن چېغىم.
سۇر دېڭىزنى كۆزۈمدە تارتىۋالغىن،
كىرپىكىمدە كەھرىۋا سۈرگەن چېغىم.

## كىرمەي تۇرغىن

كىرمەي تۇرغىن ھوجرامغا بۇرادىرىم،
شېئىر بىلەن شىددەتلىك جەڭ باشلىدىم.
مىسرا ئارا كۆرۈندى نىگار ۋەسلى،
ئاھ دېدىم مەن، ئاھ دېدىم كۆز ياشلىدىم.

تەپەككۇردا ئولتۇرسام جىمجىت دېمە،
بار قەلبىمدە مىڭ دەريا ھاياجىنىم.
دەريالاردا ياڭرايدۇ سىمفونىيە،
قىرغاق بويلاپ كېلىدۇ مېھرىبانىم.

رەنجىمەستىن بۇ قېتىم كېتىپ تۇرغىن،
سۆيۈپ ئالاي نىگارنى مەن قانغىچە.
سەن بىلمەيسەن شائىرنىڭ دەردى تولا،
مۇنداق پۇرسەت كەلمەيدۇ تاڭلا كېچە!

## ئەي نىگار

نە سەۋەب ئاتتىڭ قېشىڭنى ئەي نىگار،
سارغىيىپ ئۆلسۇن دېدىڭمۇ مېنى سەن؟
نە قىلاي مىڭ پارە بولدى يۈرۈكۈم،
بىر سۆيۈپ ئالغىن جېنىمنى قېنى سەن؟!

نۇر بىلەن گۈلدىن تۆرەلگەن گۈلمىسەن،
گۈل دېسەم گۈلدىن تۇرارسەن ئۆزگىچە.
باغدىكى بەرگى قىياقتۇر بەللىرىڭ،
زەپ ئېسىل ئىسپار پۇرارسەن ئۆزگىچە.

ئات مېنى، ئاتقىن قېشىڭدا ھەي نىگار،
بىر ئەمەس كۆر مىڭ تەسەددۇق بۇ جېنىم.
ئەبەدى شۆھرەت قازانسۇن سەن بىلەن،
بۇ ئۇلۇغ سەنئەت ماكانى ۋە تېنىم!

## نېمىشقا قىرغاقتا تۇرىسەن جانان

نېمىشقا قىرغاقتا تۇرىسەن جانان،
كۆزلىرىڭ تالمامدۇ ئېقىنغا قاراپ.
سەزدىڭمۇ ۋە ياكى ئۆمۈر دەرياسى،
شاۋقۇنلۇق ئاققاننى تومۇرغا تاراپ؟

راستىنلا يار بولسا سېزىمچانلىقىڭ،
ئاتقان ئوق، ئاققان سۇ ـ ئىنسان ھاياتى.
ھەر كىشى ئۆلىدۇ، نامى ئۆچىدۇ،
بولمىسا جىسمىدا سۇنماس قاناتى.

سەۋەبسىز قىرغاقتا تۇرمىدىڭ جانان،
شۇڭغىماق بولدۇڭمۇ ئىلمى ـ ئىرپانغا.
غەۋۋاس بوپ ئۆمرۈڭدە ئۈنچىلەر سۈزگىن،
شۆھرىتىڭ تارالسۇن پۈتۈن جاھانغا.

## ساغا كۆيمىسەم

بېشىمغا بىر قاراپ قىرو دېمىگىن،
خانتەڭرى كەيدۈردى بادام دوپپىسىنى.
قېرىسام ئەگەردە خىزىر مىسالى،
يەنىلا باغاشلاپ سۆيىمەن سېنى.

مەيلى كەلچېچىگىغا كۈمۈش ھەل بېرىپ،
مەيلى كەل يېنىمغا يادەك ئېگىلىپ،
شۇندىمۇ ئىشقىڭدا ئوقۇيمەن غەزەل،
ئاشىقلار قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ.

مەن سېنى سۆيمىسەم، ساغا كۆيمىسەم،
قالمامدۇ بىر يولى كۆزۈم كۆر بولۇپ.
مەيلى سەن دېمىگىن كۆيگەن يىگىتىم،
ئالمىسام ئاسماندىن چولپاننى يۇلۇپ.

ئۆتكەلدىن ھازىرچە ئۆتكۈنۈم بىلەن،
نەھساب كەلگۈسى جىسمىم قالمىسا.
جىسمىمغۇ بەربىر تۇپراق بولغۇسى،
نە ھېساب يىگىتلىك ئىسمىم قالمىسا؟!

## خەت يېزىپ تۇرغىن

قانچىلىك تەقەززا بولغانسەن جېنىم،
خېتىڭگە ۋاقتىدا يازمىدىم جاۋاپ.
شۇ قەدەر يىراقتا تۇرغىنىڭ بىلەن،
ئەمەسمۇ ئىشقىڭدا يۈرۈكۈڭ كاۋاپ.

ئۇققانسەن دەريادىن ئاھۇلىرىمنى،
ئۇققانسەن شامالدىن نىدالىرىمنى.
كۆرگەنسەن ۋە بەلكى كۆكنىڭ يۈزىدىن،
ئەلچىگە ئەۋەتكەن تۇرنىلىرىمنى.

شۇ ئويغا، شۇ كويغا سالغان ئۆزۈڭغۇ،
كۆڭلۈمنى مەس قىلغان شېرىن سۆزۈڭغۇ.
پەرىگە كۆيمىگەن مەيلىمنى تارتقان،
ئوقيادەك بەتلەگلىك شەھلا كۆزۈڭغۇ.

خەت دېگەن راستىنلا يېرىم دىدار كەن،
دەل دىدار بولغىچە تۇرغىن خەت يېزىپ.
مەن بارايى قېشىڭغا، كىرپىكىم بىلەن—
زېمىننىڭ تەكتىدىن جاۋاھىر قېزىپ.

## سۆيىمەن سېنى

كۆرۈندۈڭ كۆزۈمگە غۇنچە مىسالى،
ئاھ ئەندى نە بولغاي پېقىرنىڭ ھالى؟
خاراموش تەنلىرىم شۇنىڭدىن بىرى،
تەككەنمۇ ئوق بولۇپ مەڭزىڭنىڭ خالى.

ھەر قانچە قىيىنالسام قىلمىدىڭ سادا،
شۇ سەۋەب جان بېرىپ دەيمۇ ئەلۋىدا؟
بىر قېتىم سۆيگۈگە بەرمەمسەن كۆڭۈل،
ئەگەر كىم شەرتىڭنى قىلمىسام ئادا؟

سۆيگۈنىڭ بابىدا ئوت دېگىن مېنى،
سۆيگۈدىن يارالغان پېقىرنىڭ جېنى.
پەن بىلەن ئايلىنىپ ھەسەل ھەرىگە،
شېرىنلىك لېۋىڭدىن سۆيىمەن سېنى؟

## ئىنتىزارلىق

ئىشقىڭدا تەنلىرىم كۆيۈپ تۇرسىمۇ،
بىر كېچىم بار ئىدى دېمىدىم ساڭا.
دېمىسەڭ كەينىمۇ ئەمدى دەپ بولدۇم،
سەن قاچان كۆڭلۈمنى بىر دەسەن ماڭا؟

لاپېمدا بىر قاراپ باقساڭ گەر قىيا،
يۇرەككە سانجىلار جادۇ كىرپىگىڭ.
تاقىتىم تاق بولدى ساڭا تەلمۈرۈپ،
شۇنچىلىك تەسسەدى جاۋاب بەرمىسكىڭ؟

دەردىڭدە چىقمىسۇن تېنىمدىن جېنىم،
ئىپادە بىلدۈرگىن ھايات مەزگىلىم.
ئۆلگەندە قەبرەمدىن چىقمايدۇ سادا،
ئاھ ئۆرۈپ كۆكسۈڭنى قىلساڭ مىڭ تىلىم!

# ئۈچ شېئىر

ئەخمەتجان ئوسمان

## شامال

خائىن ئىكەن قاچقۇن شامال دەپ،
قاغاپ يۇرمەس ئۇنى چوقىلار.
شامال شۇنداق، سۆيسە ئۇ ھازىر،
بىر پەستىلا تامام يوقىلار.

ياق ئىزدەيدۇ ئۇمۇ قېدىرىپ،
چوقىلاردىن ئەڭ گۈزەلرەنا.
سەرسان بولغاچ ماكان دەردىدە،
ئۆتۈش ئاڭا نىسپىكەن تەنها.

## ئۆتۈنۈش

(ئابدۇللا ئارىپوۋغا تەقلىت)

مەن يىراقتىن كەلسەم سېغىنىپ،
ئۆيۈڭگە ھەم كىرسەم تۇيۇقسىز.
يىغلارسەنمۇ بۇقۇلداپ بىردىن،
قالغىنىمدەك باچكا ئانىسىز،

خالىسا يەمەن ئۇنداق بولۇشنى،
كۈلۈپ چىققىن قۇياشتەك پارلاپ.
شاتلىقىڭنى كۆرەي يۈزۈڭدىن،
ئىنتىزار جۈپ كۆزۈمدە قاراپ.

پەقەت ياش تۆك كەتكەن چېغىمدا،
ياشلار بولسۇن مەڭزىڭدە تارام.
سۆيگۈڭ ئۈچۈن دەپ بىلىپ شاھىد،
مۇھەببەتتىن تاپسۇن دىل ئارام.

## بولدى پەقەت بىلگەنلا بولساڭ

سۆيگەن بولساڭ ئىزدىمە سەۋەب،
سۆيگۈنۈڭنى بايان قىلىشقا.
كەتتىڭ تىترەپ نېمانچە ئەجەب،
تەككەندەك بوران قومۇشقا.

سۆيەۋەرگىن، تارتىنما ھەرگىز،
سۆيگەن دىلدىن مەنمۇ بىر ۋاقىت.
ئويلىمىغان بولار بۇنداق دەپ،
خىيالىمدا سېنى ھېچ ۋاقىت.

تاپسۇن ئارامقەلبىڭ سۆيگۈدىن،
سۆيەۋەرگىن قىلماي ئەندىشە.
ئېرىپ كەتسۇن يۈرۈكۈم تۈگەل،
سۆيەۋەرسەڭ تىنماي ھەمىشە.

بەدەل بەردىم سەن ئۈچۈن ئۇزاق،
نىگاھلىرىڭ چۈشمىگەن بىررەت.
بولدى پەقەت بىلگەنلا بولساڭ،
ئۆت ئىكەننى گۈزەل مۇھەببەت.

## گۈلگە ئوخشاش بولسا قەلبلەر

**ئەھەت ھاپىز**

بۇلبۇل كۈيى ياڭرىغان سەھەر،
باققا كىردىم كۈيگە جۆر بولۇپ،
شاتلىقىمدىن شۇ چاغ بىر سىزدىم،
ۋۇجۇدۇمغا سىڭدى نۇر بولۇپ.

پۈركۈنۈپتۇ چېچىپ خۇش پۇراق،
ئاھ شۇ گۈزەل بىغۇبار دۇنيا.
ئۈزەلمىدىم مېھرىمنى ئۇندىن،
شۇ گۈللەرگە بولۇپ مەھلىيا.

تامام گۈلدەك كۆرۈندى زېمىن،
گۈل بەرگىدە شەبنەم چېھرىدىن.
گۈلگە ئوخشاش بولسا قەلبلەر،
گۈل ئۈنەتتى ھەر بىر قەدەمدىن.

## كېچىدە ئۇرغۇغان قەلب

**تۇرسۇن زۇمۇدۇن**

### ئايدىڭ ۋە ئايسىز كېچە

ئايدىڭ كېچە باقسام ئاسمانغا،
كۆرۈنگەن ئىدى يۇلتۇزلار بىرە...
ئۇنىڭ نۇرلىرى ئايدىڭ نۇرىدا،
كۆرۈنگەن ئىدى تولىمۇ خىرە.

ئايسىز كېچە باقسام ئاسمانغا،
يۇلتۇزلار ماڭا كۆرۈندى ئۆزگىچە.
قانچە قاراڭغۇ بولسا شۇ كېچە،
پاقىرار ئىكەن يۇلتۇزمۇ شۇنچە.

### يورۇتار دىلىمنى يورۇتار نېمە؟

تۈن كېچە ئەتراپ جىم - جىت قاراڭغۇ،
قاراڭغۇ دىلىم، قاراڭغۇ يەنە.
يىراق يورۇتار ئەتراپنى يۇلتۇز،
يورۇتار دىلىمنى يورۇتار نېمە؟!

### كىملەردۇر ئويغاق، كىملەر ئۇيقۇدا

كۆزۈم ئۇيقۇغا بارمىدى ئەسلا،
كېزەر ئۈمىدۋار خىيال ھەر ياندا.
مەنمۇ خىيالدا بىراق بۇ كېچە،
كىملەردۇر ئويغاق، كىملەر ئۇيقۇدا!؟

### بۇلۇت

قاپلاپ زېمىننى
زارلىنىپ
ئاھ! ئۇرۇپ
تۆكەر يېشىنى.
يەپىلەپ
تەسەللى
بەرسە قۇياش
ئاستا - ئاستا
ئەركىلەپ
قويار تاققا بېشىنى.

### مەنتىقە

ئالەم!
ھەممە ئەركىن
شۇڭا ئاسمان
كۈلەر تېلىقىپ.
زېمىن!
قىسىلىپ
دەسسىلىپ
دائىما ئۆتەر زارلىنىپ.
ھايات!
مىنۇت توختىماي
كۆككە
تۇرار ئېتىلىپ.



# ئالتۇن چۈش

« ھىكايە »

ياسىن قاسىم

سىنىتە بىرىنىڭ يامغۇرلۇق بىر كېچىسى، تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ، ھەيۋەتلىك «ئالتۇن قۇش» تاغلىرىنىڭ «قاراغۇل» جىلغىسىدىكى سۈرلۈك قاپ - قاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈردە، ئەرۋاھلاردەك ئىككى گەۋدە ئەسەبىلەرچە ئېلىشماقتا. قاراڭغۇدا سەت ئىڭىراش، خىقىراش ۋە قاراس-قۇرۇس ئاۋازلىرىدىن باشقا، قايسىسىنىڭ قايسىسىنى مۇشتلاپ، قانداق يومىداقلىشىۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئاشۇ قالايمىقانچىلىقتا ئۆڭكۈرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن قارىغاي ئوتۇنىنىڭ چوغى نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ تېگىشى بىلەن چېچىلىپ كېتىپ ئۆڭكۈر ئىچىنى خىرە يورۇتتى. ئوت يورۇقىدا قايسىبىرىنىڭ قولىدىكى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن خەنجەر سۈرلۈك پارقىراپ كەتتى ۋە قاتتىق بىر تېپىكىنىڭ زەربىدىن قاڭقىپ چىقىپ، ئۆڭكۈردىكى تاشقا «جاراققىدە» تېگىپ ئوتنىڭ يېنىغا چۈشتى، بىر چەتتىكى ئالىيومىن چەينەك، كۈرۈشكىلار داراڭلاپ نەچچە دومىلاپ بولدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئالاھىزەل يېرىم سائەتچە ئېلىشقانىدىن كېيىن بارا - بارا ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. ئاخىرى بىرى ئىككىنچىسىنى ئاستىغا باستى - دە، بىر قولىدا ئاستىدىكىنىڭ گېلىنى چىڭ بوغۇۋېلىپ، گۇپ - گۇپ قىلىپ مۇشتلاپ كەتتى...

تۇساتتىن قول چىرىقىنىڭ كۈچلۈك نۇرى ئۆڭكۈر ئىچىنى پاللىدە يورۇتۇپ،

ئۆڭكۈر ئاغزىدا بىر ئادەم مولۇقۇش ئىچىدە ۋارقىرىدى:

— هاي نېمە ئىش بۇ؟ سايىم نېمە قىلمۇاتىسەن ؟! تارت قولۇڭنى !

سايىم ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سەل تىمگىرقاپ تۇردى — دە، ئاستىدىكى ئادەمگە نەپرەت بىلەن هومىيۇپ قويۇپ، دەرمانسىزهالدا ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

× ×

— هوي، هېلىقى تاپارمولامنى «17 زىقچا ئالتۇن تېپىۋاپتۇ» دەپ ئاڭلايمىنا؟

— 17 زىقچا ئالتۇن تېپىۋاپتۇ؟ نەدىن تاپقاندۇ ؟

— نەدىن بولاتتى، «ئارا جاڭگال»—دىكى «قارادۆڭ» دىنچۇ.

— هەي تاپار موللا دېگەن كىم ئۇ؟ ئەجەپ تەلىيى چوڭ نەرسىكەنغۇ ؟

— كىم دەۋاتقىنىنى، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا «يار مەهەللە» دىكى هېلىقى نامان تاسىسىنىڭ كېسەل كۆرپىسى خوتۇنى—غا «سۇف — كۆچ» دېگەن هېلىقى موللا—چۇ؟ — ئولتۇرغانلار پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— ۋاھ تۇغ باغلايمەن دەپ، كۆز باغلاپتۇ — دە، ها ... ها ... ها ...

— بولىدى ئاغىنىلەر، بىمەنە گەپ قىلمايلى، هەر نېمە قىلغان بىلەن ئۇ دېگەن غايىپتىن بولغان موللا. شۇڭا ئۇنى تاپىدۇ — تاپمايدۇ دېگىلى بولماس. «يەر يۈزى خالى ئەمەس» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قارا دۆڭ» دېگەن ئۆز زامانىسىدا «قالماق شەهىرى» دەپ ئاتالغان بىر خارابىزارلىق. شۇڭا ئۇ يەردىن چىقىپ قالغان بولسىمۇ ئەجەپ ئەمەس، — دېدي ئولتۇرغانلاردىن 45 ياشلارچامىسىدىكى شاپ بۇرۇت، ئېگىز بويلۇق بىرى.

— هوشۇر كام توغرا ئېيتىدۇ، ئۆزىمۇ تاپار موللامغا ئەگىشىپ يۈرۈپ خېلى تەلىم ئالغان دەڭلا ها ... ها ... — دەپ مەسخىرىلىك كۈلدى يەنە بىرەيلەن.

هوشۇر بۇرۇت ئۇنىڭغا بىر ئالايدى — دە سەل تېرىكىپ بىر نېمە دەي دەپ ئاغزىنى ئۇمەللىشىگە، شېرە ئۈستىدىكى ئۈنئالغۇدىن ياڭرىغان جاراڭلىق ناخشا ئاۋازى ئاشخانىنى چاڭ كەلتۇردى. ئۇلارنىڭ سۆهبىتى ئۈزۈلۈپ، هەممەيلەن ئالدىغا يېڭىلا تىزىلغان پىتىر مانتىغا تۇتۇندى.

بىر بازار كۈنى بۇ يېزىغا 40 ياش ئەتىراپىدا، يۈزلىرى سەل چوقۇر، قارامۇتۇق كەلگەن تاپار موللام دەيدىغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ «كىتاب ئېچىپ پال سېلىش، داخانلىق قىلىش» هۈنىرى بىلەن مەهەللىمۇ — مەهەللە قاتراپ يۈرۈپ ئۇدۇل كەلگەنلا ئۆيگە ئۈسسۈپ كىرىپ، قايسىبىر ئاغرىق كىشىگە «تۇغ باغلاپ سەۋەب قىلىش»، قايسىبىر دىنىڭ يوقالغان نەرسىسىنى «شام يېقىپ، تېپىپ بېرىش» ۋە قايسىبىر چوكاننىڭ «تالاغا قارايدىغان» ئېرىگە، تاتلىق تۇرۇمغا ئوقۇپ «دەمىدە» قىلىپ ئىچكۈزۈپ «كۆ كۆللۈك قىلىش» كارامىتى بىلەن دالڭچىقىرىپ، هەدېگەندىلا خېلى تاپاۋەت قىلىپ سەمرىپ تەمەلىپ كەتتى. ساددا دېهقانلار نەچچە چاقىرىم يەردىن ئىز دەپ كېلىپ «ۋاي موللام ئازراق ها جىتىم بار ئىدى، بىزنىڭ ئۆيگە ...» دەپ ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ ياخشى مېهمان قىلىشىپ، بېشىدا كۆتەرگۈدەك قىلىشتى. ئۇنى قايسىبىر مەهەللىدىن

ئىزدەپ تەستە تاپقان بىرسى، ئۆيىگە باشلاپ كەلگەندىن كېيىن:

— موللام ئۆيۈمدىن بىزەتكە نەرسىلىرىم يوقالدى، ئاتا بوۋامدىن قالغان ئېرىغ مال بولغانلىقتىن تەشكىلگە مەلۇم قىلىشقا پېتىنالمىدىم. ئازراق بولسىمۇ مەيلىدى، ساپلا ئىسكولاينىڭ ۋاقتىدا چىققان بىر سەرلىك ئاق تەڭگىدىن 120 دانە دېسىلە، شۇنى تېپىپ بەرگەن بولسىلا ئۆزلىرىنى ئوبدان رازى قىلسام، — دېدى ئىلتىجا بىلەن.

— ھىم، يوقالغان نەرسىنى تەشكىل تاپالامتى؟ ئۇلارغا دېگەن ئوغرىنى تۇتۇپ ئالدىغا ئاپپارساڭ ئاندىن سورايدۇ. مانا بىزغا غايىپنى كۆرىدىغىنى. قوينىڭ سۈيدۈكلىكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئەقلىمىزى يەتمىش مىڭ مەرتە ئوقۇپ «كۆپتۈرمە» قىلىپ ئولتۇرغان ئۆيلىرىنىڭ مورىسىغا ئاسىمىز، شۇنىڭدىن كېيىن ئەقلىمىزى ئۈچ كۈنگىچە ئوغرىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، بولالماي، يا ئوغۇرلىغان نەرسىسىنى كېچىسى ئەكىلىپ ھويلىلىرىغا تاشلايدۇ ياكى قورسىقى ئېتىلىپ ئۆلىدۇ. ئىش تامام ۋەسسالام، — دېدى كۆزىنى چەكچەيتىپ موللا. بىچارە دېھقان موللىنىڭ بۇ گېپى بىلەن بېقىنىۋاتقان قوينىسو يۇپ، ئاغزى - بۇرنىدىن تىقىپ يىگۈزۈپ، بىر كېچە - كۈندۈز «سەۋەب» قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە پۇل قويۇپ، رەخمەت-ھەشقاللا بىلەن قول قويۇشتۇرۇپ، ئورنىدىن نەچچە قوپۇپ ئولتۇردى. موللا ئالدىدىكى پۇلغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ رازى بولمىغان قىياپەتتە سەل ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يالغان تەكەللۇپ بىلەن تۇلكىچىلەپ بىرھېجايدى - دە، كۆنچىنىڭ قولىدەك سارغىيىپ كەتكەن بارماقلىرىنى سوزۇپ دۇئا قىلدى ۋە ھاپىلا-شاپىلا پۇلنى ئېلىپ چۆنتەككە سېلىپ، تەتۈر كېكىرىپ ئېشەككە توغرا مىنگىنىچە دەمسەيدا غىڭشىپ قاياققىدۇر غايىپ بولدى. دېھقان ئۈچ كۈن، بەش كۈن، ھەپتە ھەتتا بىر ئاينىمۇ تەقەززالىق بىلەن ئۆتكۈزدى. بىراق يوقالغان نەرسىنى بىركىم كېچىسى ئەكىلىپ ھويلىغا تاشلاپمۇ قويمىدى ياكى بىر كىمنىڭ قورسىقى كۆپۈپ ئۆلۈپتۇ دېگەننىمۇ ئاڭلىمىدى. پۇشايمان ئىچىدە ئۆمرىنى ئۆزدى.

ھوشۇر ئاخۇن ھېلىقى ئاشخانىدىكى سۆھبەتتەتىن ئاستىلا سوغۇرۇلۇپ چىققان پېتى، تاپار موللىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپلا كەتتى (ئەككى يىل ئاۋۋال ئۇ، «تەلىم ئالىمەن» دەپ ئۇنىڭ كەينىدە يۈرگەچكە ئىخلاس قىلاتتى). ھەتتا ھۆددە يەرلىرىنىمۇ ئاق تاشلاپ، موللا نەگە ماڭسا كەينىدىن ئەگىشىپ، بىللە يۈرۈپ تاپقان-تۇتقان غەنىمەتلەرگە شېرىك بولۇشۇپ «تەييارغا ھەييار» بولۇپ بۇنداق تەر ئاققۇزماي تاپىدىغان «تاپاۋەت» نىڭ يوللىرىنى خېلى ئوبدانلا بىلىۋالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە مەلۇم شەھەردىكى يەككە تىجارەتچى، قاسساپ سايىم چارۋا مال سېتىشقا بىلىش ئۈچۈن بەش مىڭ كويدىن كۆپرەك نەق پۇلنى بەلباغقا ئالتۇنغا تىكىپ كىيىمىنىڭ ئىچىدىن بېلىگە تېگىپ مۇشۇ يېزىغا كەلگەنىدى. ئۇ بىر كىمنىڭ 17 زىقچا ئالتۇن تېپىۋالغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى ۋە ھوشۇر ئاخۇن ئارقىلىق مىڭ تەسلىكتە تاپار موللىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنى گەپكە سالدى.

— ھەممە خۇدايىمنىڭ بەرگىنى . ئىگىسى-نىڭ بەرگۈسى كەلسە ، مانا پېقىردەك نېيەتى خالىس بەندىسىگە بېرىدۇ ، — دېدى موللا مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ .

— موللام ، سىلى راستىنلا 17 زىغچا ئالتۇن تېپىۋاللىمۇ؟ بۇ ... ، — دېدى سايىم قىزىرىپ .

— ئەزبىرايى ، يالغىنى يوق ، — دېدى موللا بىر ئىشنى پەملەپ .

— ئۇنداق بولسا ئالتۇننى مەن كۆرۈپ باقسام بولارمۇ؟ ئەگەر ساتماقچى بولۇپ-قالسىلا نەرقىنى پۈتۈشۈپ قالساق ، مەن... ، — دېدى سايىم خۇددى ئىچىدىكى بىر نەرسە تاتلاۋاتقاندەك .

— ھە نەرقىنى پۈتۈشۈپ- پۈتۈشەلمەي ، سىلى بىلەن بىز ئەقەللىيسى بىرەر شەھەر-نىڭ سودىسىنى قىلالمايمىز — دە ، خۇدا غايىپتىن بەرگەندىكىن سىلىگە تۆۋەنرەك نەرقتە بەرسەممۇ ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس ، — دېدى موللا تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپ ، — ھەممە بىراق دەپپى — دۇنيا دېگەننىڭ كۆپ بولغىنىنىڭ زىيىنى يوق ، شۇڭا مۇشۇ ئەتراپتىن ئەقەللىيسى يەنە بىزە بىر نەرسە تېپىۋالساق دېگەن مۇددىئادا بۇ يەرلەرنى تاتىلاپ يۈرۈپتىمىز . ئىشەنسىلەكى ، بىز نېيىتىمىزنى خالىس تۇتۇپ ئىزدىسەك خۇدا چوقۇم بېرىدۇ . ئەقىل كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى ، سىلىنىڭمۇ پېشانىلىرى ئوق ، نېيەتلىرى روس ئىنسانىكەنلا . شۇڭا سىلى ، ھوشۇرەم ئۈچىمىز خۇدايى خالىس بىر ئىزدەپ باقساق ، تاپقىنىمىز ئوخشاش ئۈچىمىزگە تەئەللۇق . ئالدىن كېيىن 17 زىغچىنىڭ سودىسىنى قىلىشسا قىمۇ كېچىكمەيلا . شۇ چاغدا ئۇنى مەن ئامانەت قويغان كىشىدىن ئېلىپ قوللىرىغا تۇت-قۇزدىمەن .

شۇنداق قىلىپ تاپارموللا ھوشۇراخۇن بىلەن سايىم قاسساپنى ئەگەشتۈرۈپ جىلغى-نىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە يۆتكىلىپ بېرىپ ، ھەجەپ بىر ئېغىز ئۆينىڭ چوڭلۇقىدىكى ماللىرىنىڭ تاشلاندۇق ئۆڭكۈرىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئىشنى باشلاشتى . موللا ئاخشاملىرى شام يېقىپ ، كۈندۈزلىرى ئىسكىسىگە كۆلۈتۈپ ، ئالۋاستىدەك تىمىسى-قىلاپ يۈرۈپ ، جىلغا ئىچىدە ئۇلار دەسسىمىگەن يەر قالمىدى . «قان قىلىش» ئۈچۈن يېرىم كۈنلۈك يىراقتا قالغان چارۋىچىلارنىڭ مال قوتىنىدىن ئوغلاق — پاقلانلارنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ نەچچىنى تۆگەتتى ، بۇنىڭغا ئۇزۇقلۇق ئۈچۈن چارۋىچىلاردىن سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن نان — تىنقاچقا تارلىقلارغا سايىم مەرتلىك بى-لەن پۇل خەجلەپ ئۈچ يۈزكويىنى سەرپ قىلدى . ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئىشلەپ ھاردى ، چار — چىدى ، بوران — يامغۇردا قالدى . تاش دەسسەپ يۈرۈپ ئاياغلىرى تېتىلىپ ، كىيىملىرى قاسماقلىشىپ ، چاچ ساقاللىرى چاڭگىلىشىپ ، مەينەتلىشىپ كەتتى . لېكىن ھېچنەرسە تاپالمىدى . بۇ جەر — ياندا سايىم بۇ ئىشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ ، بىر نەچچە قېتىم قايتىپ كەتمەكچى بول — غاندا موللا ئۇنى تۇسۇپ كەتكۈزمىدى . چۈنكى سايىم تەرلەپ - پىشىپ كۆيۈنەكچان ئىشلەۋاتقاندا كۆيىنىكىنىڭ ئاستىدىن بەلۋاغ خالتىدىكى مۇنەك — مۇنەك نەر — سىلەرنى كۆرۈپ قالغانىدى .

ئۇلار ئەشۇنداق تىمىسقىلاپ يۈرگىلى — ئىككى ئاي توشاي دېگەن بىر ئەتىگەن—

ىلىكى ، ھوشۇراخۇن ئوزۇقلۇق بىر نەرسە
تېپىپ كېلىش ئۈچۈن چارۋىچىلارنىڭ
قېشىغا كەتتى . ئاخشىمى موللا بىلەن
سايىم ئىككىسى چاي قاينىتىپ قاتتىق نان
بىلەن قورساق تويغۇزغاندىن كېيىن ،
موللا يانچۇقىدىن بىر قاسماق قول ياغ-
لىقىغا ئوراغلىق ئۇرۇقچا چوڭلۇقىدا
بىر نەرسىنى ئېلىپ ھىمىرىپ ئىككىگە
پارچىلاپ، تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئورىدى.
بىرسىنى سايىمغا تۇتتى .

— موللام، بۇ... ئۆزلىرى موللا ئادەم...

— ھە، ھىم ، ئىچ پۇشىقى سايىماخۇن ،
ئىچ پۇشىقى . ئەقەللىزى بىز ئىككى ئاي-
نىڭياقى بۇچىلغىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ
ھاردۇق، چارچىدۇق . ئەسلىدىنمۇ بۇ ،
ئەقەللىزى ئىنسان قىلىدىغان قىلىق
ئەمەس ئىدى، — دېدى موللا سەرەڭگە چېقىۋې-
تىپ، — بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش بىر تەقۋا-
دار كىشى ئۈچۈن بۇ بىر چوڭ گۇناھ .
شۇنداق بولسىمۇ ، قىلىپ بولۇپ تۆۋە
قىلساق ئاللا ئىگىمىز ئۆزى كەچۈرىدۇ ،
ئەقەللىزى تۆۋە قىلماقتىن كاتتا مەغ-
پىرەت يوق . « بەزىدە خۇدا بىلەن رۇ-
سۇل ، بەزىدە داپ بىلەن ئۇسسۇل » دەيدۇ
ئەمەسمۇ؟ ها ... ها ... ها ...

بىر دەمدىن كېيىن ئۆڭكۈر ئىچىنى
كەندىرنىڭ خۇشپۇراق ھىدى قاپلىدى .
ئىككىسى بىرەر سائەتچە تاغدىن - باغدىن
ئىگىز- پەس پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاستا
شېرىن ئۇيقىغا غەرق بولۇشتى .

... سايىم جوتۇنى كۆتۈرۈپ ئۆڭكۈردىن
چىقىپ ، ئۈلۈشكۈن ئۆزى يالغۇز گۇمان
قىلىپ كۆرۈپ ، خۇپىيانە بەلگە قىلىپ
قويغان ئازغىنىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ « ئا-
مىن ...» دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن كو-
لاشقا باشلىدى . تۇساتتىن جوتۇ جاراڭ-
گىدە بىر نەرسىگە تېگىپ ، كىچىككىرەك
بىر سىرلاقلىق ساندۇق كۆرۈندى . ئۇ ،
ئەتراپقا بىر قاراۋېلىپ ، ساندۇقنى
ئەستە تارتىپ چىقىرىپ، ئاغزىنى جوتۇ-
دا بۇزۇپ ئاچتى . ئاچتى - دە خوشال-
لىقتىن يۈرەكلىرى دۇپۇلدەپ ۋاقىرىۋې-
تىشكە تاسلا قالدى . پاھ ، نېمىدېگەن
ئامەت ! ساندۇقتىكى ساپ - سېرىق پار-
قىراپ تۇرغان زىقچا ئالتۇنلار ، يىپقا
ئۆتكۈزۈلگەن تىزىق - تىزىق ئېسىل مار-
جان ، ئۈنچە - مەرۋايىتلار ... ئۇنىڭ
يۈرەكلىرى ئاغزىغا تىقىلىپ ھاسىراپ
كەتتى ۋە بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك
دەرھال كەينىگە قارىۋىدى ، يىراقتىن
ئالۋاستى سىياقىدىكى ئىككى قارا - قۇرا
نەرسىنىڭ ئۆزى تەرەپكە قويۇندەك كېلى-
ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شۇ ھامان ساندۇق-
نى باغرىغا مەھكەم بېسىپ يېتىۋالدى .
بىر دەمدىن كېيىن ساندۇقتىكى ئالتۇن-
كۈمۈش، ئۈنچە- مەرۋايىتلارغا ئۆزلىكىدىن
جان كىرىپ، ھىدىرلاپ، ھېسابسىز ئۇش-
شاق يىلانلارغا، بوغۇم - بوغۇم چايانلار-
غا ئايلىنىپ، سايىمنىڭ بەدەنلىرىگە
يامراپ چىقىشقا، دۈمبە - بەللىرىدە مې-
ڭىپ غىدىقلاشقا باشلىدى. ئۇ، شۇنداق
قورقتىكى بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ، يۈرى-
كى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى.
پۈتۈن كۈچى بىلەن قېچىپمۇ قىسىر قىلال-

ـﻤﺪى. بار ئاۋازى بىلەن ۋاقىرىسىمۇ
ئاۋازى چىقمىدى. ئۆزىنى خۇددى يەر-
نىڭ تەكتىگە ئۇچۇپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان-
دەك، بىر تۇرۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ
كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قارا تەرگە
چۆمۈلدى، مىڭ تەستە تىپىرلاپ يانغا
ئۆرۈلۈۋىدى، بىر قول كېلىپ ئۇنىڭ گېلى-
نى قاتتىق بوغدى. سايىم شۇندىلا ئاران
كۆزنى ئېچىپ، قاراڭغۇلۇقتا بىرسىنىڭ
بىلىدىكى پۇل بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلى-
قىنى بىلدى-دە، كۈچەپ بىر دومىلاپلا
بوشۇنۇپ رەقىبى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى.
پەقەت قول چىرىغىنىڭ كۈچلۈك نۇرى
ئۆتكۈر ئىچىنى يورۇتۇپ، ھوشۇراخۇن
ۋاقىرىغاندىن كېيىنلا دەلدەڭشىگەن پېتى
ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستىدىكى تاپارمولىنى-
غا نەپرەت بىلەن ھومۇيۇپ:

—ھۇ، مۇنا پىتىق ئالۋاستى! سەن دەيۈز-
نى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ دەردىم چىق-
مايدۇ! قالغىنىنى تەشكىلنىڭ ئالدىغا
بېرىپ سۆزلىشەيلى،- دېدى ۋە يەردىكى
پارقىراپ تۇرغان مولىنىڭ خەنجىرىنى
قولىغا ئېلىۋالدى. يەردە پىچەت-پىچەت
قەغەز پۇللار قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى.

× ×

ئىككى كۈندىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈ-
مەتنىڭ قورۇسىغا ئەرۋاھلارغا ئوخشاش
بەكمۇ ھالسىزلانغان ئۈچ ئادەم كىرىپ
كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى پىيادە، بىرى-
سى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، پۇت-
قوللىرى تانا بىلەن چۈلۈۋۇرغا چىڭ ما-
تالغانىدى. ئۇلار بىلەن بىللە تاغلىق
چارۋىچىلاردىنمۇ بىر نەچچىسى بىللە
ئىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ دەررۇ ئولاشقانلار
ئۇلارنى دەمماللىققا تونۇيالمىدى.

—ھوي، ئاۋۇ ئېشەكتە ھۇقۇشتەك ئول-
تۇرغىنى تاپارمولىغا ئەجەب ئوخشاي-
دىغۇ، شۇمۇ نېمە؟

—ئاۋۇ بىرسى ھوشۇراخۇنغا ئوخشاي-
دىكەنغۇ، يەنە بىرسى كىمكىنە؟

—تاغلىقلار ئېشەكلىكنى يېشىپ، يېزى-
لىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا ھەيدەپ كى-
رىشتى. ئىشخانىدا بىر نەچچە يىلەن كېڭى-
شىۋاتقان بولۇپ ئارىسىدا ئىككى ساقچى-
مۇ بار ئىدى. ئىشخانىغا كىرگەندىن كې-
يىن ئېشەكلىكنىڭ كۆزى كەتتى ئۈستىدى-
كى يۇمىلاق تامغۇ بېسىلغان بىر پارچە
ئالاقىغا چۈشتى-دە، چۆچۈپ كەتتى. پۇت-
قوللىرى تىترەپ، چوقۇر يۈزلىرى تېخى-
مۇ قارىداشقا باشلىدى. ئالاقە مۇنداق
يېزىلغانىدى:

«تەۋەيىڭلاردىكى تاپار موللا، ئەسلى
ئىسمى چاۋار.

ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىكى × × ئەمگەك
بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن بۇ يىل 3-
ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى قېچىپ كەتكەن.
مەيداندىن بىزگە ئالاقە كەلدى. شۇ-
ڭا مەزكۇرنى دەرھال ئىزدەپ تېپىپ ئور-
نىمىزغا تاپشۇرۇپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلى-
رىمىز.

دەپ: × × ناھىيىلىك جخ ئىدارىسىدىن»

# كۆز

(ھېكايە)

چەن جيەنچاڭ

بىر قىز ئەينا ۋە بەش ياش ۋاقىتلىرىدا قانداقتۇر بىر خىل كېسەل بىلەن ئاغرىپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ، كېيىن ئۇ بوي يەتكەندە، بىر يىگىت ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ.

ئۇ بەك ئوبدان يىگىت بولغاچقا، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، ئۇنى ئىشقا قول ئۇزاتقۇزماپتۇ، كېيىن ئايال ئۇنىڭغا دوغىلاققىنە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ، ئانا-بالا ئىككەيلەننىڭ بارلىقى ئېرىگە باغلىق بولغاچقا بۇ ياش، قاۋۇل يىگىت تېزدىنلا قېرىپ كېتىپتۇ.

كۆزى ئەما بۇ ئايال ناھايىتى ھېسسىياتچان ئىكەن. ئۇ بەزىدە ئورۇندا يېتىپ ئېرىنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئەجەب ياخشى، مەن كۆزۈمنى ئېچىپ سىزنى بىر كۆرۈۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، سىزنى بىر كۆرۈۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمانسىز كېتەتتىم — دەپ كۆز ياشلىرىنى تۆكىدىكەن. ئېرىنىڭ بۇنىڭدىن كۆڭلى غەش بولۇپ، ئايالىنى كۆكرىكىگە چىڭ بېسىپ تۇرۇپ:

— مەن ئەتە يولغا چىقىپ، نەنجىڭ، شاڭخەيلەرگە بېرىپ، بارلىق بىساتىمىز تۈگەپ كەتسىمۇ، سىزنىڭ كۆزىڭىزنى داۋالىتىمەن — دەپ تەسەللىي بېرىدىكەن.

ئايالنىڭ كۆزى ئاخىرى ساقىيىپتۇ، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، يېپ-يېڭى جاھاننى كۆرۈپتۇ. ئېرى بىلەن بالىسى ئۇنى چاقىرغان ئىكەن. ئايال زۇۋان سۈرمەي تۇرغىنىدەك، بۇنى كۆرگەن ئېرى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئېرى خۇشاللىقىنى باسالماي ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولغانىكەن، ئايال بىردىنلا ئۇنى سىلكىپ، ئىتتىرىۋېتىپ ۋارقىراپتۇ:

— نېمە قىلماقچىسەن!

— مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز بولىمەن.

— ياق، مەن سېنى تونۇمايمەن، — دەپتۇ ئايالى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ...

كەچ كىرگەندە ئايال كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، ئېرىگە قارىماستىن ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، يۈز-كۆزىنىڭ ئىزناسىنى سىلاپ كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن:

— راست سىز ئىكەنسىز، كارىۋاتقا چىقىڭ — دەپتۇ.

ئايال ئوغلىنى قۇچاقلىغان پېتى ئېرىنىڭ قوينىغا ئېغىپ كىرىپ، يېنىك نەپەس ئېلىپ:

— ئەندى ئىشەنچلىك بولدىڭىز، ئەندى ئىشەندىم. كۆزۈم بىلەن كۆرگەندە ئىشەنمىگەنىدىم... دەپتۇ.

«تاللانغان ھېكايىلار» كىتابىدىن ئوسمان قۇربان تەرجىمىسى.

# ئىككى شېئىر

**ئەخمەتجان سادىق**

## قار ئۈستىدىكى يېزىقلار

ئاق قارغا پۈركەنگەن داللار ئىچرە،
روھلۇنۇپ باراتتىم غەمسىز بىتېنىم.
قارلارنىڭ پەرۋارى بېرەتتى لەززەت،
ئۇنتۇلغان ئىدى ھەم تەمكىن كۆڭلۈم.

ئارقامدىن يېقىنلاپ كەلدىڭ تۇيۇقسىز،
تەۋرەندى يۈرىكىم ئوكيانىدەك گويا.
نىشانىدىن ئادىشىپ قالاتتىم شۇ چاغ،
ئەي نىگار مەيلىڭگە كۆنسەم ناۋادا.

ئارىمىز، كۆڭلىمىز يېقىندۇر - يېقىن،
يۈرىمىز ئەمماكى ئۈنسىز ھىجراندا.
كۆپ جەريان سەپەردە بولۇشتۇق ھەمرا،
كەپ قالدۇق ئاخىرى ئۈچ بۇرچەك يولغا.

لەۋلەردە تويىنىدى ھەيۇس كۈلكىلەر،
يېزىلدى ئاق قارغا غەيرى مەۋھۇم خەت.
مىسكىن بىر ھالەتتە كەتتىڭ يىراقلاپ،
قالمىدى مەندىمۇ ئۇقۇشقا جۈرئەت.

شىۋىرغان ئارىلاپ يۈرىمەن سەرسان،
بىلمەيمەن ئىسمىنى ئاشۇ پاك يېزىق.
ئۈمىدىم يېتەكلەپ يەتكۈزدى ناھات،
«مەن سىزنى سۆيەتتىم...» يېزىلغان ئېنىق.

كۆڭلۈمنى تۈمەن رەت چىرمىغان سۆزلەر،
تاۋلىنىپ تۇراتتى قاردا بىغۇبار.
ئەبەتلىك پاك سۆيگۈ نۇرىدى دىلغا،
قۇياشتەك پارلىدى بۈيۈك ئارمانلار.

قۇياشتەك پارلىدى بۈيۈك ئارمانلار،
جىمىكى قۇدرىتىم ساڭا پىداكار.
ئېزىلەرمەن ئۇپۇقتا يەتكۈچە سېنى،
ئىنتىزار چېھرىڭنى كۆرسەم ئەي نىگار.

## مۇجۇلغان يۈرەكتىن سىرغىغان ياشلار

كۈلگۈن قەدەھتەكۆۋەجەپ تۇرسا،
تەنھا ئىچەرمەن زۇمرەت مەيلەرنى،
كەچمىشلىرىمگە بولىمەن ئەسىر ئاھ،
تۆكىدۇ قەلبىم مىسكىن كۈيلەرنى،
تەنھا ئىچەرمەن زۇمرەت مەيلەرنى.

سېھىرلىك كۆزۈڭ چۈشسە ئېسىمگە،
قەھرلىك ۋىجدان كۆتۈرەر غەليان،
قەدەھتە جىلۋە قىلغىنىنى يېشىم،
مۇجۇلغان يۈرەك قېتىدىن تامغان،
قەھرلىك ۋىجدان كۆتۈرەر غەليان.

كۆزلىرىڭ بۇلاق، سۇلىرى زىلال،
قەلبىم دەشتىگە ئاقمايدۇ نېچۈن،
ئۇندا قاغجىراپ كەتكەن گىياھلار،
تەشنا بىر قەترە شەربىتىڭ ئۈچۈن،
قەلبىم دەشتىگە ئاقمايدۇ نېچۈن.

بەس ئۆكۈلمەيمەن ۋەھشى تەقدىردىن ،
يىراق تومۇردا ئۆركەشلەر قىيان،
باشقا بىر دىلبەر سۆيسەم ئاۋادا،
رەھىم قەلبىنى قىلارمۇ ماكان،
يىراق تومۇردا ئۆركەشلەر قىيان.

كۆتۈردى شۇتاپ يۈرەك سۆيۈمى،
بىلگىن ئەقىدەم ماڭا چىن ياران،
كۆڭلۈمدىن شۇ سۆز كەچسىمۇ ئەمما،
مەيۈس كۆلكىلەر لېۋىمدە ئويىنار،
بىلگىن ئەقىدەم ماڭا چىن ياران.

# ئىككى شېئىر

**سالى ئىبراھىم**

## نىگارىمغا

سېنى كۆرسەم كۆككە قارايمەن،
جامالىڭنى ئايغا ئوخشۇتۇپ،
ئاينى كۆرسەم سېنى ئەسلەيمەن،
يۈرىكىم شات ئويناپ، شوخلۇنۇپ.

## ئوتلۇق تۇيغۇ

قارىشىڭدىن —
شەھلا كۆزۈڭدىن —
سەزدىم گويا مىسلى ئوت يالقۇن،
شۇ سەۋەبتىن قەلبىمدە سۆيگۈ—
دەريا بولۇپ ياسىدى دولقۇن.

# ۋىجدان چۇقانلىرى

**ئابدۇقادىر ھەسەن**

## قىرىق ياشلىقىم ـ شاھ قىرانلىقىم

كىرىپ قالدىم قىرىق ياشقا،
قونۇپ قالدى ئاقمۇ باشقا،
كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى بەختىم،
گۈل چېچەكسەن ئۈيۈلتاشقا.

سەبىلىكىم قالدى يىراق،
بوۋايلىقىم تېخى ئۇزاق.
نەۋقىرانمەن، شاھ ـ قىرانمەن،
دىلدا فونتان ئىشقى پىراق.

## ۋەتەن

ئاقسام سۇ يۈگىدە،
شاتلىقىم ۋەتەن.
كۆيسەم كۈيۈگىدە،
تاتلىقىم ۋەتەن.

ئاھۇ جانىم ۋەتەن،
كۈلۈپ باقسەن.
مەنمۇ سۈيۈگگە،
سىڭىپ ئاقمەن.

## ئىككى هاۋا

تەمتاس غۇيۇلداپ ئۆتتى يېنىمدىن،
تاغدەك ئېغىر يۈك بېسىلغان هاۋا.
داراڭلاپ باشقا كىيىپ كوچىنى،
ئۆتتى يەنە بىر چوڭ قۇرۇق هاۋا.

## ئانا

ئاھ، ئانىجانىم، ئانىجان،
سەن بولغاچقا مەن بولدۇم.
قۇچاقىڭدا چوڭ بولدۇم،
مېھرىڭدە توق بولدۇم.

## كاتىپ

ئىزدىنىپ تىنىمسىز،
يازىسەن تەبرىك.
يازىسەن نۇتۇق،
باشلىقىڭ ئۇنى.
سۆزلەر مۇنبەردە،
قازىنىپ شۆھرەت.
قازىنىپ ئۇتۇق،
بىراق،
سۆزۈڭ سامادا،
ئۆزۈڭ پەگادا.

## ئىت نېمىشقا قاۋايدۇ؟

باغلاقتىكى ئىت،
ئۈزۈپ زەنجىر،
يەۋەتكىدەك ئەلپاز بىلەن،
ئوقتەك ئېتىلدى ماڭا،
كۆرۈپ قارامنى.
مۇشتەك سۆڭەك،
بەرسەم تاشلاپ،
بىردىن ئەكىلەپ،
كەتتى يالاپ پۇتۇمنى.

## يىگىتلىكىڭ يۈزىگە ياكى...

### تۇرسۇنجان ھەسەن

سۆيگىنىم بار دېدىڭ ئەجەبمۇ،
سۆيگىنىڭنىڭ سۆيگىنى ئىدىم.
چىدىيالماي ئاچچىق ئەلەمگە،
لەۋلىرىمنىڭ گۆشىنى يىدىم.

بولۇپ قالدى قانداق سۆيگۈنىڭ،
يۈرىكىمدىن تاللاپ سۆيگىنىم.
سەن يۈرىكىڭدە سۆيگۈدىن بىغەم،
ئاتەش ھىسلى يېنىپ كۆيگىنىم.

ۋەدىسىدىن تېنىپ ئوماق قىز،
مېنى تاشلاپ سېنى تاپتىمۇ؟
يىگىتلىكىڭ يۈزىگە ياكى،
ساختىلىقتىن نىقاپ ياپتىمۇ؟...

## ... غا

**نازىمجان يۇسۇپ**

قارايمەن ھەر تاڭدا بېقىپ ساماغا،
ئىزدەيمەن سېغىنىپ يۇلتۇزلار ئارا.
ئۆرتىگەچ قەلبىمنى سۆيگۈ گۈلخانى،
سورايمەن چولپاندىن نىگارىم قايدا؟

پىراقىدا ئۆتتى كۆپ ھىجرانلىق تۈنلەر،
ۋىسالىڭ ئارزۇسى مەنچۈن سۈبھى.

غالىپدۇر ئەقىدەم ھەر چاغ مۇشكۈلدىن،
ئازابتۇر مەنچۈن ئۇنۇتۇش سېنى.

مەيلى كۆپ ئۆتسىمۇ ھىجراندا تۈنلەر،
كېتەلمەس قەلبىمدىن رىشتىڭنى ئۈزۈپ.
سۆيىمەن ئەي دىلبەر ئەقىدەڭ ئۈچۈن،
ئاي مىسال قېشىڭنىڭ يۇلتۇزى بولۇپ.

## ئىككى شېئىر

**ئابدۇقەييۇم مەھەممەت ئىمىن**

### گۈل خۇمارى

گۈل خۇمارى دېمەكلەر مېنى،
قەلبىم تەختىدە سۇلتان ئۇماڭا.
گۈزەللىكنى سۆيگۈچىلەردىن،
ئىنتىلمىگەن قايسىسى ئاڭا.
گۈلگە خۇمار ئاتەش قەلبىمدە،
سەر خىل گۈللەر ئۆستۈر دۇمشۇڭا.

### نىگارىمغا

يۇلتۇزلارچا قىنىغان شۇ گۈزەل كېچە،
يادىڭدا بارمىدۇ ئەي گۈزەل نىگار.
مۇبادا ئەقىدەڭ بولسىلا ماڭا:
شۇكۈننى ئەبەدى ئۇنۇتما زىنھار.

## شېئىرلار

**ئابدىرېھىم زاھىدى**

### سۈرىتىمنى تارتىۋاپتۇ ئاي

يۈرىمەن تۈن كېچىدە نىگارىم بىلەن،
سالقىندا پەدەر يا بويى تال تۈۋىدە.
ھايا تىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ لەۋ يېقىشىپ،
تولۇن ئاي بولۇت ئىچرە مۆككىنىدە.

قارىسام چىمىرلىشىپ كۆكتە يۇلتۇز،
كۆرىنەر بىزگە قاراپ كۈلۈشكەندەك،
مۈگدىنىپ كۆز قىسار بىر-بىرىگە،
سۆيگىنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشكەندەك.

پاھا! سالقىن تاغ شامىلى ھەزىل قىلىپ،
يارىمىنىڭ قۇندۇز چېچىنى تەۋرىتىدۇ.
تەككەندە يۇمران چېچى زاڭىقىمغا،
يۈرەككە بىر تىپ شىپا سەگىتىدۇ.

نىگارىم شېرىن سۆزىنى داۋام قىلار،
بوينۇمغا نازۇك قولىنى سالغىنىچە.
يۇلقۇنۇپ تۇرار يۈرەك تېپچەكلەپ،
يالقۇنجاپ گۈلخان بولۇپ يانغىنىچە.

تۇساتتىن ئۈمىدسىيارىمىز لەۋلىرىمىز،
يېپىشىپ كەتتى ئەپچىل بىر ـ بىرىگە.
شۇ مىنۇت ئۆتتى تۇيىماي ھوزۇر بىلەن،
شاتلىقتىن قانىماي شېرىن قىز لېۋىگە.

نە بىلەي چىققىنىنى ئاي تۇماندىن،
شېرىن لەۋ تارتىۋالغاچ دىققىتىمنى.
گۈزەللىك ئوبرازى دەپ تارتىۋاپتۇ ـ
ئايشۇئان چاچسىدىلا سۈرىتىمنى.

## كېچە

ھاياتنىڭ سولماس چىمەن باھارى كېچە،
ئاشىقلار قەلبىنىڭ ناھارى كېچە.
ۋىسالغا يەتمەكنىڭ قارارى كېچە،
سەھەرنىڭ كارۋىنى تۇلپارى كېچە.

بېزەلگەن كۆك يارقىن سولماس گۈل بولۇپ،
ئېچىلغان بەرگىسىز ھۆسنىگە تولۇپ.
ئايلانىسادا ئېنى كۆز يۇمماي تۇرۇپ،
ئىنساننىڭ سەيلىگاھ گۈلزارى كېچە.

تولۇن ئاي ئۈزمەكتە بۇلۇت ئارىلاپ،
ئاشىقىم ئىزدەيدۇ كۆكتە مارىلاپ.
ئۇ ۋىسال ئىشقىدا بولۇپ ئوت ـ كاۋاپ،
كۆرەر ئۆز نىگارىن دىدارى كېچە.

مېۋىنى كېچىدە شېرىن پىشاركەن،
ناشېكەر خەمەكلەپ تۈندە چۈشەركەن.
بۇلبۇلدەك ئاي گۈلدەپ سۇغا قونارکەن،
پەرۋانە چىراقنىڭ تەشنارى كېچە.

قىز ـ يىگىت ۋىسال تېپىپ كۆرۈشكىنىدە،
چىن سۆيگۈ ئىزھارلاپ كۆيۈشكىنىدە.
شېرىن لەۋ يېقىشىپ سۆيۈشكىنىدە،
تەشناسىن قاندۇرغان ھەمكارى كېچە.

## ئۆزەڭنى سورا

ساڭا ئوخشاش بىۋاپانى كۆرمىدىم ئالەم ئارا،
ئەھدىڭنى ئۇنۇتتۇڭ ئەي رەزىل كۆڭلى قارا.
سۆيگۈ شەرتىدىن خەۋەرسىز ماڭا سېپسەن ساختا ئوت،
ئۆرتىنىپ بۇ ساختا ئوتتىن تەپتىدىن قەلبىم يارا.
«سەن گويا نۇر بول سېنى مەن چۆرگىلەپ پەرۋان بولاي»،
دېگىنىڭ ئېسىڭدىمۇ تاڭ بەلگە بەرگەن تۈن ئارا.
«ئايرىمايمەن بۇ چېكەمدىن گۈل قىلىپ ھەردەم سېنى»،
دېۋىدىڭغۇ قىسمىدىڭ قونچىڭغىمۇ بارا بارا.
تاشلىدىڭ ئەخلەتكە چۆرۈپ كۆزگە ئىلماي سەن مېنى،
ئەسلىلا يىققۇ ئۆزەڭ تاشلاشقا ئەپتىڭگە قارا.
ئالدىراپ خۇش بولما ھەرگىز چۈشتىڭغۇ قىلتاققا دەپ،
ئاقىۋەت چۈشكەي ئۆزى كىم كولىسا خەققە ئورا.
بولمىسا سەندە بۇ نۇقسان مەيلى، بولسا رەنجىمەي،
سۆيگۈدە تەڭلىك مۇھىم ئاز ـ تولا ئۆزەڭنى سورا.

## دوستلۇق ساداسى

ئوت چىقىشىنى كۈتمە بۇ كۆزدىن،
ئوت يۈرەكنىڭ قېتىدا مەۋجۇت.
سۆيگۈ ئۈچۈن كۆيمىسە يۈرەك،
شەرتسىز بۇلار ئۇ گويا مەبۇت.

يۈرىكىمدە ئاتەشچە ئوت بار،
پاك سۆيگىنىڭ يالقۇنى ئۆزۈم.
دوستلىرىمنىڭ سۆيگۈسى ئۈچۈن،
ھەسەت بىلەن چاقنىماس كۆزۈم.

# ئانام مېنى داڭلايدۇ، دىل سىرىمنى بىلمەيدۇ

(ياشلار تىلىدىن)

### قاسىمجان يۇنۇس

بىزنىڭ مەللە سايىباغدا،
«مارجان» ئاملىق بۇلاق بار.
مەن بارىمسام ئۇ يەرگە،
دىلدا سىرلىق سوراق بار.

شۇڭا كەچتە سەھەردە،
سۇ توشۇيمەن ئانامغا.
ئانام دەيدۇ: «خۇدايىم،
ئىنساپ بەردى بالامغا.

ئۆتكەن يىلى يالۋۇرسام،
سۇغا ھەرگىز بارمايتتى.
ئەمدى ئەپكەش تالىشىپ،
سۇنى توشۇپ ھارمىدى».

ئانام مېنى داڭلىدى،
بۇ ئىشىمدىن سۆيۈنۈپ.
دىل سىرىمنى مەن ئېيتسام،
ئۇ كېتەرمۇ كۆيۈنۈپ.

نەدىن بىلسۇن شۇ ئانام،
مېنىڭ يېڭى سىرىمنى.
«مارجان بۇلاق» تارتىدۇ،
ماگىنىتتەك دىلىمنى.

چۈنكى مېنىڭ دىلبىرىم،
سۇغا چىقار بۇلاققا.
مەن چىقمىسام دىل شۇ تاپ،
تارتار مېنى سوراققا.

## كۆي

### ھۈسەيىن ئىمىن ھاجى

ئەي نىگار كۆيمەكچى بولساڭ يۈرىكى كۆلخانىغا كۆي،
ئەل ئۈچۈن جاننى پىدا ئىشقىدا يانغانىغا كۆي.

گەر بىلەر بولساڭ بۇرادەر، بۇ ئۆمۈر چەكلىك ھامان،
قەدرىنى بىلمەي ھاياتنىڭ جەڭگە ئات سالغانىغا كۆي.

ئۆتىدۇ ئىنسان بېشىدىن ئۆلگىچە قىسمەت تولا،
يولىدىن ئازماي داۋامەت ۋەسلىگە قانغانىغا كۆي.

كىشىگە زىننەت-ھۆسنۇندۇر ئۈندىكى ئەخلاق - ئەدەپ،
نەدىكى پەسكەش قىلىق ئادەتلىرىدىن قاچقانىغا كۆي.

تاپقىلى بولماس جاھاندىن ئەل ۋەتەندەك غەمگۈزار،
ئۇنى قوغداپ دۈشمەنگە خەنجەر — قىلىچ چاپقانىغا كۆي.

پاك نىيەت ۋىجدان كېرەك ھەر قاچان ئىنسان ئۈچۈن،
بەختىنى كۆزلەپ ۋەتەننىڭ جان پىدا قىلغانىغا كۆي.

كۈنسېرى باسماقتا ئالغا دەۋرىمىز دۈلدۈل كەبى
ھۈسەيىن سەنمۇ ھەمىشە كەڭ غۇلاچ ئاتقانىغا كۆي.

# موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانى توغرىسىدا

(ماقالە)

قۇتلۇق ئالماس

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 17 – ئەسىردىن 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە مەيدانغا كەلگەن نادىر نەمۇنىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئودال زوراۋانلىققا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان داستانلار ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مانا شۇنداق داستانلارغا مۇھەممەد سىدىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق داستانلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

1864 – يىلىدىكى كۇچار قوزغىلىڭىغا ئوقۇلغان مەدھىيە «زەپەرنامە» داستانىنى مەشھۇر تالانتلىق شائىر، يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر موللا شاكىر يازغان. «زەپەرنامە» داستانى ھەجىم جەھەتتىن 4380 قۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا قوزغىلاڭچى خەلق قوشۇنلىرىنىڭ كۇچاردىن تارتىپ ئۈچتۇرپانغىچە بولغان جايلارنى مانجۇ ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

## كۇچار قوزغىلىڭىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا

چىڭ سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 1644 – يىلىدىن 1911 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئوردىسى 1755 – يىلى جۇڭغارخانلىقىنى، 1757 – يىلى خوجىلار (چوڭ – كىچىك خوجىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، جۇڭغارىيە ۋە تارىمدا تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزدى. مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى يەرلىك بەگلەر ۋە دىنى تەبىقە ئىچىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئۇچۇم مۇناپىقلار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتتى. مىللىي ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، مىللەتلەر ئارىسىغا زىددىيەت سالدى، ئۇيغۇرلارنىمۇ بىر – بىرىگە زىتلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى.

بولۇپمۇ 19 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدىن باشلاپ غەرب جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق، بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ۋەتەن ساتقۇچ چىڭ

سۇلالىسى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئىمزالىغان تەڭسىز شەرتنامىلار
جۇڭگونى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا دۇچار قىلدى. مۇن-
داق ئەھۋال 1860 - يىللارغا كەلگەندە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. چىڭ سۇلالىسى تەيپىڭ-تيەن-
گو ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ئۇرۇش چىقىمى تۆلەش ئۈچۈن
ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا يولۇقتى. ۋەتەن ساتقۇچ چىڭ سۇلالىسى بۇن-
داق چوڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى خەلقنى بولاپ-تالاشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق
ھەل قىلىش يولىغا ئۆتتى. شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېزىش تې-
خىمۇ ئېغىرلاشتى. مانجۇ ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك بەگلەرگە چىڭ ھۆكۈمىتى مائاش
بەرمەي، مەلۇم نىسبەتتە يەر ۋە يانچى بەرگەنىدى. شىنجاڭدىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرى
ئۆزىگە بېرىلگەن ئاشۇنداق ئىمكانىيەتلەرگە قانائەت قىلماي، پۇقرالارنىڭ يەرلىرىنى
ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئالاتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك مانجۇ ئە-
مەلدارلىرى يەرلىك خەلقنى ھەر جەھەتتىن ھاقارەتلەيتتى. يەرلىك خەلقنىڭ خوتۇن-قىز-
لىرىنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلاتتى. مۇنداق ئېزىش، ھاقارەت، ئاياغ - ئاستى قى-
لىشلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىدە مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىگە نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىك
قوزغىدى.

زۇلۇمغا چىدىيالمىغان خەلق مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان
زوراۋانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىدى، 1857 - يىلى كۇچاردا، 1860 - يى-
لى يەكەندە، 1863 - يىلى ئىلىدا قوزغىلاڭ بولدى. بۇنداق قوزغىلاڭلار قانلىق باستۇ-
رۇلۇپ خەلقتىن ۋەھشىلەرچە ئۆچ ئېلىندى، زۇلۇم ۋە خورلۇق ئۈستىدە شىكايەت قىلغان-
لار دارغا ئېسىلدى، تامغا تىرىك مىخلاپ ئۆلتۈرۈلدى، زىندانغا سولانغانلارنى زىنداندا
قاتتىق قىيناپ ئۇسسۇز، ئاچ قويۇپ ھاكنى دۇغاپ قىلىپ ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلار-
نى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى دەپ مەلۇم قىلىپ كۆمۈۋەتتى. قانلىق باستۇرۇشلاردىن
قورقۇپ قالمىغان خەلق 1864 - يىلىغا كەلگەندە كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان ئازادلىق
قوزغىلىڭىنى باشلىدى ۋە زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، مانجۇ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭ-
دىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

بۇنداق قوزغىلاڭلار ئىچىدە كۇچار قوزغىلىڭى كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، تەسىرىنىڭ
چوڭقۇرلۇقى ۋە كۈچلۈكلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. 1864 - يىلى 4- ئايدا كۇچار قوزغىلىڭى
باشلانغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

1865 - يىلى باھار كۈنلىرىدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ تېررىتو-
رىيىدە بىر - بىرىگە بېقىنمىغان بولغان بەش ھاكىمىيەت مەيدانغا كەلدي.

كۇچارنى مەركەز قىلغان راشىدىن خوجا باشقا ھاكىمىيەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك بىر مەركىزىي ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن شەرقتە قۇمۇلغىچە، غەربتە يەكەنگىچە قوشۇن ماڭدۇرغان بولسىمۇ تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، خوڭشيۇچۇەن باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ پارتلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن: گەنسۇدا تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن تۇڭگانلارنىڭ بىر قىسمى ھەربىي ئىشلار تۇپەيلىدىن شىنجاڭغا چېكىنىپ چىقىپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇرۇمچى خانلىقىنى قۇرغان. تومىڭ (داۋۇت) ئىچكىرىدىن چېكىنىپ چىققان دانا مۇشۇ قوزغىلاڭچى تۇڭگانلارنىڭ بىرىدۇر.

## داستان توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

### 1. داستاننىڭ مەزمۇنى ھەققىدە

شائىر موللا شاكىر «زەپەرنامە» داستانىدا كۇچار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىلىك يۇرۇشلىرىنى ئوتلۇق ھېسسىياتى ۋە يۇكسەك ئەدەبىي ماھارىتى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. شائىرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇ «زەپەرنامە» داستانىنى ئۈچتۇرپاندا يازغان. بۇ چاغدا موللا شاكىر 61 ياشتا بولۇپ، چوڭ ھەجىملىك بۇ داستانىنى بەش ئاي ئىچىدە يېزىپ تاماملىغان.

موللا شاكىرنىڭ داستانىدا 1864 - يىلىدىكى كۇچار قوزغىلىڭىنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسى خېلى تەپسىلىي ھالدا بەدىئىي ۋاستىلار بىلەن بايان قىلىنغان. ئەڭ مۇھىمى شائىر داستانىدا قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلقنىڭ فېئودال كۈچلەرنىڭ زوراۋانلىقلىرىغا قارشى كۆرسەتكەن غەيرەت، شىجائىتىنى ناھايىتى چوڭ ئىجتىھات بىلەن تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدۇر، موللا شاكىر شىددەتلىك جەڭلەرنى تەسۋىرلىگەندە، خوجىلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئەمەس، خەلقنىڭ جان پىدالىقىنى، باتۇرلۇقىنى، قوزغىلاڭچى قوشۇنغا خەلقنىڭ قىزغىن ۋە ئاكتىپ ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. كۇچار قوزغىلىڭىغا خوجىلار يېتەكچىلىك قىلغان بولسىمۇ، داستانىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ بارلىقىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. كۇچاردىكى چىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرى كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قارا شەھەر تەرەپتىن كېلىش ئېھتىمالى ناھايىتى يېقىن بولغان مانجۇ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭچى

قوشۇندىن بىر قىسىم كۈچنى ئاجرىتىپ شەرققە ماڭدۇرىدۇ. بىر قىسمىنى تەشكىللەپ ئاقسۇغا ماڭدۇرىدۇ.

موللا شاكىر بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

«قاراشەھەر، تۇرپاندا مەنچىلىك تولا،
بۇ ئاقسۇ تەرەپتە مۇسۇلمان تولا.
دېدى ئاقسۇنى تايانچ ئەيلەسەك،
مۇزاتتىن بۇ مەنچىڭغا يول بەرمەسەك.
دېدى ئاقسۇنى بىز ئالۇرمىز ئاسان،
دېدى يۈزلەر بارغىسىدۇر قايان.
بۇلەشكەرلەر بۆلۈندى بولۇپ ئۈچتىن بىر،
ئىككى كوھنا تۇرپان بىرى ئەدەۋىل».

ئىشەنچلىك تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا (ئاساسلانغاندا) قوزغىلاڭچى قوشۇندىن بىر تۈمەن جەڭچىگە سەييىت غازى ئىسھاقخان قوماندان بولۇپ تۇرپان، قاراشەھەردىن كېلىدىغان مانجۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بۈگۈر، كورلا، لوپ قاتارلىقجايلارغا يۈرۈش قىلغان بولسا، خاتىپ خوجا قوماندانلىقىدىكى ئىككى مىڭ يەتتە يۈز كىشىلىك قوشۇن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بىر قەدەر پۇختا بولۇپ خېلى مۇستەھكەم ھەربىي ئىنتىزامغا ئىگە ئىدى.

موللا شاكىر مۇنداق يازىدۇ:

«قويۇپ دادى-خاھ بىلەن قازى كالان،
دېدى قىلمىسۇن بىر - بىرىنى تالان.
كىشىنىڭ مالىنى كىشى ئالمىسۇن،
كىشىنىڭ دىلىنى كىشى چەكمىسۇن»

شەرققە ۋە غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇننى كۈچار خەلقىنىڭ ئۇزۇتۇشىدىكى تەنتەنىلىك مۇراسىملار كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا كۆزدىن ياش ئاققۇزىدۇ. موللا شاكىر ئەنە شۇنداق مۇراسىملارنى ناھايىتى كۈچلۈك، ئوتلۇق قۇرلاردا تەسۋىرلەپ خەلقنىڭ ئادالەت يولىدا ئېزىز جانلىرىدىن كېچىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

مەسىلەن:

«قىلىچ، نەيزە، مىلتىق ئوقيا،
ئۇلۇغلارغا كەيدۈرۈپ سەرۇپا.
يەقىر نامراتلارغا ھەم بەردى ئات،
ئاق ئۆي چادىرو بارىگاھ بىرلەكات.
بۇ لەشكەر بولۇپ مىسلى كۆك تۆمۈر،
نە دۆلەت غازات بىرلە ئۆتسە ئۆمۈر.
چالىپ جۇپ ناغرا نەققارانى،
سەپىد مۆھرىكارنەي سۇر نايىنى.
بارۇ يادى ھەق بىرلە ئاللا سالىپ،
بۇلار يۈردىلەر تەبىل شادى چالىپ،-
ئۇزاتتى ھەممە خوشۇ قوۋمى قاياش،
مازار باغدا بەردىلەر ئابۇ - ئاش.»

× × × ×

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇننى ئالغان كۈچار قوزغىلىڭى دىنى تۈس ئالغان بولسىمۇ ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھەركەز ۋە يەرلىكتىكى فېئودال ئەزگۈچىلەر سىنىپىغا قارشى قوزغىلاڭ

ئىدى. قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان خوجىلار خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن پايدىلىنىپ ئەزگۈچىلەرگە قارشى «مۇقەددەس غازات» قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە دىنىي تۈس ئالغان چاقىرىق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ناھايىتى كۈچلۈك رول ئوينىغان، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قۇرلارغا دىنىي روھنىڭ سىڭگەن كەتكەنلىكىگە ئەجەبلىنىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىر موللا شاكىرنىڭ ياشىغان دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە ۋە ئۇنىڭ دىنىي كۆز قارىشىنىڭ چەكلىمىسى بويىچە قارىغاندىمۇ «زەپەرنامە» داستانىدا ئىسلام دىنىي ئىدىيىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

شائىر موللا شاكىر ئۆز داستانىدا تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئەزگۈچىلەر سىنىپىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭدا كۆرسەتكەن جان - پىدالىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قىلغان ياردەملىرىنىمۇ ئالاھىدە كۈچلۈك زوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. كۇچاردىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىققان قوزغىلاڭچى قوشۇن باينىڭ قىزىل يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە باي خەلقنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇننى ناھايىتى داغدۇغىلىق قارشى ئالغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

مەسىلەن:

«قىزىلغا تۇشۇپ تىكتىلەر بارىگاھ،
ھەممە لاۋۇلەشكەرلەر بۇخە يىلى سىپاھ.
بۇ سايرامغا ئاڭلاندى ئاۋازىسى،
بۇ سايرام ئىسرۇر ئاقسۇ دەرۋازىسى.
قوشۇلدى قىزىل كەنتنىڭ جەمئىسى،
بۇ شەيخۇ ئىمام باشلىغىن مەھەللىسى.
يەنە نان-توقاچ، سۈت-قايماق، ئوت-ئوتۇن،
بالا - بارقىسى ھەممە ئەرۇ - خوتۇن،
ئالىپ كەلدى نەزرى بىلەن قوي،
ئانى داشقا سالدى قىلىپ يىدى بوي.
كېلۇر ھەر تەرەپتىن بۇ نەزرى - نىياز،
باشى ئات، كالا، قوي، چامغۇر، پىياز».

بۇرھانىددىن خوجا قوماندانلىقىدىكى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى كۇچار قوشۇنى باي دىكى مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ باي بىلەن قىزىل بۇلاق ئارىسىدىكى ماراقچى دېگەن جايدا (مۇزات دەرياسىنىڭ بويىدا) قارارگاھىنى قۇرىدۇ. بۇ جاي ھاۋالىق ياخشى يايلاق بولۇپ، قوشۇننى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. قوشۇن بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ يېتەكچىلىرى كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، مۇزداۋان ئارقىلىق كېلىدىغان مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توساپ ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاقسۇ تەرەپكە چارلىغۇچى ئەۋەتىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

شائىر موللا شاكىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

خوجام ئاتلىنىپ قوشۇنىدىن يۈرۈپ،
كېلىپ ماراقچى لەڭگە چۈشۈپ،
ئاقىپ ئابى دەرياۋۇ ئابى مۇز ئات،
تىكىمىڭلار دېدى بارگاھ بىلەن كات.
بۇ يايلاق ئېرور كىم چىمەنزارلىق،
كى بۇلبۇللار سايراپ خوشناۋازلىق.

× ×

بۇ يەردە تۇرۇپ ئەمدى بەش-ئالتە كۈن،
ھەممە دەم ئېلىپ، ئات، ئۇلاق تىنجىسۇن.
دېدى مۇزداۋانغا كىشى ماڭغۇزۇڭ،
بۇ ئۇرتەك قاراۋۇلنى قويماي بۇزۇڭ.
ئىلەدىن ئەگەر كەلسە نۇرغۇن چېرىك،
ئاراغا ئالىپ بىرنى قويماي تىرىك.
كى يول توسقالى قويدۇ بەشيۈز كىشى،
نە يەرگە يېتەدۇر پەلەك گەردىشى.

بۇرھانىددىن خوجا يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ قارا يۇلغۇنغا كېلىپتۇ. مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقسۇدىكى ئامبىلى كۇچاردا قوزغىلاڭ بولغانلىقىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ دەككە - دۈككىدە قېلىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي بۇتخانىغا بېرىپ زار - زار يىغلاپ ماتەم تۇتىدۇ.

موللا شاكىر مانجۇ زالىملىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى ئاجايىپ ئوخشىتىشلار بىلەن تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ.

«بۇتۇڭگان بىلەن چانتۇ بولدى شېرىك،
بۇلار ئەندى قويمايدۇ بىزنى تېرىك.
ئەگەر ئاقسۇدا بولسا ئەيۋاڭ ھايات،
قىلور ئىدى بىزلەرنى غەمدىن نىجات».

× ×

«بولۇپ ئۇلار جەم باردى بۇتخانەگە،
سېرىن ئېيتمادى بەلكى ھەمخانەگە.
ھەممە ئۇشبۇ ماتەمدە تۇتتى ئازا،
غەم، قايغۇ، ئەندىشە بولدى غىزا.-
-ھەممە بۇز ئىگىن بىرلە ماتەم تۇتۇپ.
سالا مالدى گوياكى ئىستىتەك ھولۇپ».

1864- يىلى 5- ئايدا قوزغىلاڭچى قوشۇن قارا يۇلغۇندا بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ. (مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرى ئوبرازلار تەھلىلىدە سۆزلىنىدۇ.) داستاننىڭ قارا يۇلغۇندىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا بېغىشلانغان بابلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، راشىدىن خوجا ئاكىسى جامالىددىن خوجا باشچىلىقىدا ئاقسۇغا قايتا قوشۇن ماڭدۇرىدۇ. جامالىددىن خوجا كۇچار ۋە بايدىن يارامىلىق ئەسكەرلەرنى تاللاپ ئېلىپ، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ھامۇدۇن باشچىلىقىدا ئۈچيۈز ئەسكەرنى مۇزداۋاننى توساشقا ئەۋەتىپ ئۆزى بىر تۈمەندىن ئارتۇق قوشۇنغا باش بولۇپ، خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا يەتتىنچى ئايدا جام بىلەن تۇز ئاۋات ئارىسىدا (تىرەك دەرياسىنىڭ بويىدا) بولغان ئۇرۇشتا مەنچىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇنى ئىگىلەيدۇ. ئارقىدىنلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە شەھەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىغا ھەربى قورال - ياراق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ھەربى بازىسى ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى 8- ئايدا ئالىدۇ.

مانا شۇ غەلىبىلىك ئۇرۇشلاردا قوزغىلاڭچى خەلق قوشۇنلىرىنىڭ جان-پىدالىقى، قەھرىمانلىقى، كىشىنى ھاياجانغا سالغىدەك دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن.

مەسىلەن:

سايىد بەگ كۆرۈپ ئەھلى ئىسلامنى،
تۇرۇپ تىشلەدى ئىككى بارماغىنى.
يانا بىر تەرەپتە سوۋۇنىڭ شەرپەسى،
بومەنچىلىك قىلىپ ئەندى جان ۋەھىمىسى.
بۇ يولبارس موسەللىك تېرەكنىڭ سويى،
ئانىڭ ئۆيى چوقۇر بىرلە يوقتۇر كويى
بۇ سۇ تاغ تەرەپتىن كېلۇر شاقىراپ،
يىغى جام تەرەپتىن كېلۇر ۋاقىراپ.
كېلۇر غازىلار ئاللا ئاللا بىلەن،
بۇ نۇرغۇن ئەزىمەت ئاللالا بىلەن.
بۇ مىلتىق بىلەن زەمبىرەكنىڭ ئۈنى،
چالىپ ناغرا كارنەي سۇرنايىنى.

بۇ ئات كىشنەشىپ ھەم ئېشەك ھاڭراشىپ،
قېچىر ھاڭرايالماي بۇدۇر باغلاشىپ.
كۆتەرىپ كېلۇر نەچچە بايراقۇ-تۇغ،
يانا بىر تۇمەن لەشكەر قىل قويرۇق.
بۇ سەۋتو ساداسى پەلەكتىن ئاشىپ.
بۇ ھەيبەت بىلەن يەر-جاھان تىترەشىپ»

× ×

«تۇتۇن بىرلە تۇپراق ھاۋا بولدى چاڭ،
بومەنچىلىك تۇرۇپ ھاڭ باقىپ قالدى داڭ»

× ×

«بۇ جەڭ بولدى گويا كى سوت ئۆرلەسى،
بومەنچىلىك ئۆلۈپ قالمىدى ھېچكىمى»

## 2. داستاننىڭ بەدىئىلىكى ھەققىدە

«زەپەرنامە» داستانى لىرىك ئېپىك داستان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىلىكى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. داستان بەدىئىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا يارىتىلغان سەلبى ئوبرازلاردا ئىنتايىن گەۋدىلىك ھالدا كۆرۈلىدۇ.

موللا شاكىر «زەپەرنامە» داستانىدا، قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا كۆرسەتكەن كوللېكتىپ جان پىدالىقىنى، قەھرىمانلىقىنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئومۇمىي قەھرىمانلىق ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت بولغان گەۋدىلىك بىر قانچە ئىجابى ئوبرازلارنى ياراتقان ئەمەس.

ئەمما «زەپەرنامە» داستانىدىكى سەلبى ئوبرازلار، شائىر موللا شاكىرنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى نامايەن قىلىدىغان كۈچلۈك دەلىلدۇر. چۈنكى داستاندىكى سەلبى ئوبرازلار خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە يارىتىلغان. مۇنداق سەلبى ئوبرازلار ئىچىدە ئاقسۇدىكى مانجۇ ئامبىلىنىڭ ئوبرازى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ناھايىتى ئىپلاس، زالىم، ئەمما ئەخمەق، قورقۇنچاق بىر كىشىنىڭ قىياپىتىنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

شائىر ئامبالنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش توغرىسىدىكى ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سايىد ھېكىم بىلەن مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«سايىت بەگ دېدى: ھۆددىنى مەن ئالاي،
بۇ دۈشمەنلەرنىڭ جانىغا ئوت قالاي.
بۇ دارىن تىزىنگە شۇ زامان،
بولۇپ مانجۇلار خوردە مۇ شادىمان.
دېدى ھېكىم بەگكە تۇتقىل ھاراق،
ئىچىپ بادامەست بولدى تومتوم تاراق.»

× ×

«بۇ دارىن ھېكىم بەگكە تۇتتى ھاراق،
سايىت بەگ ماڭا دېدى كۆزۈ قاراق،
سېنىڭ بار ئىكەن مۇنچىلىك ھىممىتىڭ.
شىجائەت بىلەن بار ئىكەن غەيرىتىڭ.
ئۆزۈڭ سەن ئۇلۇغخانىغا لايىق كىشى.
بارابەر بولالماس ساڭا ھېچ كىشى.»

× ×

«سېنىڭدىن كىلور بىزگە كۆپ ياخشىلىق،
دېگەن سۆزلىرىڭ ياغۇ سۈتتىن ئېلىق.»

× ×

«ئىرۇر سەن تېنىم ئىچىدە ئارام جان،
بۇزۇق كولبەم ئىچرە يېڭى مېھمان.
جاھان باغى ئىچرە ئاچىلغان گۈلۈم،
قەپەس ئىچرە سەن سايراغان بۇلبۇلۇم.»

ئامبال سايىت ھېكىم بەگ بىلەن بولغان سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ بىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۇڭگانلارنى قىرىپ تاشلىماقچى بولغانلىقىنى سايىت ھېكىم بەگكە ئېيتىدۇ.

«بۇ ئامبال دېدى شەھەردە تۇڭگان تولا،
بىرەكىپ يوق قىلساق مۇنى ئەۋۋالە.»

داستاندا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبراز سايىت ھېكىم بەگنىڭ ئوبرازىدۇر. سايىت ھېكىم بەگ ئوبرازى مانجۇ ئامبىلىنىڭ ئوبرازىغا ئۇلۇشۇپلا كېلىدۇ. سايىت ھېكىم بەگ ئامبالغا ئوخشاش ئەزگۈچى زالىم بولۇپ، مانجۇلار تەرىپىدىن ئاقسۇغا قويۇلغان ھاكىم ئىدى. لېكىن ئۇ خەلقنى قۇللۇقتا ساقلاشتا، ئېزىشتە مانجۇ زالىملىرىغا ياردەم بېرىدىغان يەرلىك فېئوداللارنىڭ تېپىك ئوبرازىدۇر.

سايىت ھېكىم بەگ مانجۇلارغا جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى شەرتسىز ئورۇنلايدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى ساتقان خائىننىڭ ئوبرازىدۇر. سايىت ھېكىم بەگ مانجۇ ئامبىلىنىڭ تۇڭگانلارنى قىرىپ تاشلاش تەدبىرىگە قوشۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئامبالغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق ئەخمەق ئەمەس، راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ئەقىللىق، تەدبىرلىك ھېلىگەر ئىدى. ئۇ تەدبىر جەھەتتە ئامبالدىن ئۈستۈن ئىدى. مەسىلەن: ئاقسۇدىكى تۇڭگانلارنى قىرىپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلغاندا، سايىت ھېكىم بەگ مۇنداق دەيدۇ: «- تۇڭگانلار بىلەن سۈلھى تۈزۈش لازىم. ئۆز تەرىپىمىزگە تارتىشىمىز كېرەك. ۋاقتىنچە ئۇلار بىلەن دوست بولايلى، يەنە كەلگەندە بىر تەرەپ قىلىمىز.»

شائىر ھېكىم بەگنىڭ ھېلىگەرلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بۇ تۇڭگان بىلەن سۈلھى قىلساق بولار، ئاڭا ياخشى ئەيتىپ ياراشساق بولۇر.

دېدى ئۇشبۇ سۆبەت سۆزۈمگە كېرەك ،
بۇ تۇڭگان بىلەن ئەھدى پەيمان قىلىڭ.
دېدى سۇلھى قىلساق بولۇرسىز ئامان،
بۇ ئىشتا دېدى يوقتۇر ھېچ بىر زىيان.
ئىلەدىن يېتۇر بىزگە نۇرغۇن كۈمەك،
نەچچە كۈن دېدى سەبرى قىلماق كېرەك.»

× ×

«بۇ داردىن دېدى سەن ئاتا، مەن بالا،
كى بولغىل دېدى مەن ئىنە سەن ئاغا.»

× ×

« ھەر ئىشنى قىلۇرسەن ئۆزەڭ بىل دېدى،
ئۆزەڭنىڭ خىيالىچە قىلغىل دېدى . »

سايىدھېكىم بەگ ئاقسۇدىكى تۇڭگانلارنى مانجۇلار بىلەن ئىتتىپاق قىلاشتۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش تەدبىرىنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇ ھېلىگەرلىك قىلىپ، ئاقسۇدىكى خانىقادا چوڭ نەزىر ئۆتكۈزىدۇ. تۇڭگانلارنىڭ ئاخۇنلىرىغا قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم قىلدۇرۇپ، تۇڭگانلارنى مانجۇلارغا قارشى چىقىپ، كۈچار قوزغىلاڭچىلىرىغا يار-دەم بەرمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ .

موللا شاكىر بۇ ۋەقە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

« تىلاۋەت قىلىپ، بەئىدى خەتمە دۇئا ،
بۇ تۇڭگانلارمانجۇ بىلەن قىلدى ئەھد ،
تۇتۇپ ئەھدى قىلدى كالامى خۇدا .
قۇتۇلدى بۇغەمدىن ھەممە ئەھلى دەرد.»

سايىدھېكىم بەگ ئاقسۇدىكى تۇڭگانلارنى ئالداپ، غەپلەت بۆشۈكىگە بۆلەپ، مانجۇلارنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن شەھەردىكى ئوغرى، لۈكچەك، قىمارۋازلاردىن چېرىك ئالىدۇ. ئۇلارنى قورال ۋە ئات بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ھۈنەر-ۋەنلەرنى ئازابلايدۇ. خەلقنىڭ ئاتلىرىنى بۇلايدۇ، شۇ ئىشلارنى باھانا قىلىپ كەڭ كۆ-لەمدە بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزۈپ خەلقنى خانىۋەيران قىلىدۇ .

شائىر موللا شاكىر، سايىدھېكىم بەگنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن تىلغا ئې-لىپ مۇنداق دەيدۇ :

« چىرىكى ئانىڭ ئىككى مىڭدىن ئوشۇق،
ئانىڭ ئارقىسىدىن تۇشۇيدۇ تۇشۇق.
بۇ سوكو قىمارۋازنى يىغدى تامام،
كىيەرگە ئىگىن جابدۇقى ئەردى كام.
تۆمۈرچىگە نەيزە، قىلىچ ئەتتۇرۇپ،
ئەگەر ئەتمىسە باشىغا تەپتۇرۇپ.
ھۆكۈم قىلدى بەرگىل تۆمۈر يا كۆمۈر،
دېدى ئۇستىلار زايا ئەتتى ئۆمۈر.
قازانچىغا قويدۇرۇردى قىرلىق چوماق،
ھەممە جابدۇقى پۈتتى، يوق ئات - ئۇلاق»

× ×

« نەيەردىكى ئات بولسا ئالدى تالاپ،
يۈرۈپ دورغىلار ئۆيمۇ - ئۆي بولاپ.
شەھەر ئىچىدە ھېچكىمدە ئات قويمىدى،
ھارامزادە سەگا پۇل ئېلىپ تويمىدى.
قىمارۋازلارغا بەردى ئاتنى ئالىپ،
خالايىقلارنى يىغلاتىپ قاخشاتىپ.»

كېچە - كۈندۈز قىمار ئويناپ، كەيپى - ساپا، ئەيش - ئىشرەت بىلەن شۇغۇل-لانغانلىقى ئۇنىڭ ياۋۇز، يىرتقۇچ، ئىپلاس، ئەخلاقسىز بىر ئەبلەخ ئىكەنلىكىنى تې-خىمۇ روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ :

« بۇ تۇشكۇن، قودالغۇ ئانىڭ غاۋغاسى،
بىر ئادەمنى ھەيدەپ ئىككى دۇغاسى.
يىغىپ ھورپەكەلەرنى قىلدى بازار،
ئىككى داۋزانىڭ ئالدىدا ئىككى دار.
بۇ سوكو قىمارۋاز يۇرۇيدۇ سولاپ،
يۇرۇپ ئۆيمۇ ـ ئۆي كەلدى ئەلنى بۇلاپ.
ئىغىللاپ كالانى قوتان بىرلە قوي،
قىمارۋاز جالاپلارغا ھەر كۇندە توي.
كى تاڭشىن قىلىپ يازغانى ھەر قايان،
كى باسقۇنچىلىق بولسا قىز ـ جۇۋان.
قويۇپ ئارپا، بۇغدايغا لەشكەرلەر ئات،
ئانىڭ ئەرزىگە يەتمەدى قىلسا دات،
سۇرۇك بىرلە ئىلقىنى كەلدى سۇرۇپ،
تالاشا ئانى باغلاتىپ ئۆلتۇرۇپ.
كى دات ئەيلىگەننى ئاسىپ دارغا،
ئانى يەم قىلىپ قارغاۋۇ سارغا.
بوغۇم تۇتمىغان مايىسلارنى ئۇرۇپ،
ئاتىغا بىرىپ، ئاتنى باغلاتتۇرۇپ.
ئانىڭ ئويناشى ھەر كۇندۇر قىمار،
كىچە ـ كۇندۇز ئالدىغا نەغمە ـ نىگار.
ئەگەر بولسا ھەر جايدا لولى ـ جالاپ،
ئانى كەلتۇرۇپ ئىچتى جامى شاراپ.»

«زەپەرنامە» داستانىدىكى سەلبى ئوبرازلار ئىچىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان ئوبراز سودىگەر قوزىباي ئوبرازىدۇر. شائىر قوزىباي ئوبرازى ئارقىلىق شەخسىيەتچىلىكنى بەخت ـ سائادەتكە يېتىشنىڭ بىردىن بىر يولى دەپ بىلىدىغان روھى جەھەتتىن چىرىكلىشىپ بۇزۇلغان خائىنلارنى كەۋدىلەندۇردى. قوزىباي ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەر قانداق يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان شەخس بولۇپ، سايىد ھېكىم بەگ قوزغىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلىشتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ.

قوزىباي ناھايىتى ھىلىگەر بولۇپ، ئۇ قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن جىنىنى پىدا قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قوزغىلاڭچىلار ئىچىگە سوقۇنۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى، قورال جابدۇقى، روھى كەيپىياتى توغرۇلۇق سايىد ھېكىم بەگكە ئۆز ۋاقتىدا مەلۇمات بېرىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان سايىدھېكىم بەگ 1864 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قارا يۇلغۇندا بولغان ئۇرۇشتا، قوزغىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ.

شائىر بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«بار ئىدى بۇ ئاقسۇدا بىر نا بىكار،
ئىتاچى دېگەن كەنتىدەجايى بار.
ئانىڭ ئاتىدۇر ئەندىجانلىق قوزى،
كى داڭدارە ۋەرپىشەنىڭ توڭگۇزى.»
« بۇ سوكو قىمارۋازغا ئۇلپەت ئىدي،

بۇلبۇلى سەتەڭلەرگە چوپقەت ئىدى.»

× ×

« بۇ قۇزى ئىدىكىم يېتىم سودىگەر،
يۇرۇر تاغمۇ ـ تاغ، كەنتمۇ ـ كەنت دەربەدەر»

× ×

« بوداۋىدىن سورىدى خوجام قايدادۇر ،
زىيارەت قىلۇرمەن جانىم تەندەدۇر.»

× ×

« كېلىپ بارىگاھ ئىچىدە بەردى سالام،
خوجام بەردى ئاندىن جاۋابى سالام.»

× ×

« دېدى خوش خەۋەرنى پەقىر ئاڭلادىم،
غازاتقا ئەمدى پەقىر بەل باغلادىم.
جانابىڭغا كەلدىم پەقىر قوللادى ،
باقورمەن ئەگەر بولسا دولدوللارى.»
« موسولمانى كامىل ئىكەن قۇزى باي،
موڭا ئاش قويۇڭ بە ئىدازان سىسىن چاي.
يۈرۈپ ئىككى كۈن باردى ئۇ ھەر قايان،
بۇ لەشكەر بىلەن خۇررەمۇ - شادىمان.
تامام ئوقتى ئوسىرى ئەسرارىنى،
دېيىشتى بولار رازى پىنھانىنى.»

شائىر موللا شاكىر يۇقىرىدىكى قۇرلاردا قوزىباينىڭ كېلىپ چىقىشى، ئەخلاقسىزلىقى، ھېلىگەرلىكى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سىرىنى قانداق يوللار بىلەن ئوغۇرلاپ ئالغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا قوزىباينىڭ قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدىن قېچىپ چىقىپ، سايىدھېكىم بەگكە مەلۇمات بەرگەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

«چادىردا ھېكىم بەگكە تەئىزىم قىلىپ
بوھارماك دېدى قۇزىغا سوز قاتىپ.
دېدى قىلدىڭىز مۇخوجامنى تاۋاپ،
كېلىپسىز قارارىدا كايىپ - جاۋاپ.
بۇ ۋاقىتتا دېدى خوجىلار قاندادۇر،
چىرىكى دېدى قانچىلىك باردۇر.
ئىككى مىڭدىن ئازدۇر مىڭدىن ئوشۇق،
بۇ چېرىكىنىڭ ئالدىدا ئول بىر قوشۇق.
ئانىڭ ئاتلىقى ئاز، تولاسى ياياق،
يانا بىر تولۇم ئازۇقى بىر تاياق.»

× ×

«بۇ مىلتىقۇ - ئوقياسى بەش يۈزچە بار،
ئانىڭدىن بەلەك كەلگەن دوھاسار.»

داستان بەدىئىيلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىكى يۇقىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ ياخشى يارىتىلغانلىقىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشتىن باشقا يەنە ئەسەردە قوللىنىلغان تىللارنىڭ ئاددى، چۈشىنىشلىك، ئاممىباب بولۇشى، ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا بولۇشى قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ .

### 3 . داستاندا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مەزمۇن

شائىر موللا شاكىر بۇ داستاندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يۇقىرىدىكى بىر قاتار ۋەقەلەر ھەم بۇ ۋەقەلەر ئىچىدە ياراتقان ئىجابى ۋە سەلبى ئوبرازلار ئارقىلىق خەلقنىڭ فېئودال ئەزگۈچى سىنىپىنىڭ قارا كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەش ھېۋىلىرىنى يوقۇقا چىقىرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى بوغۇپ تاشلىماقچى بولغان ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى غەزەپ بىلەن سۆكۈش ھەم پاش قىلىش، خەلقنىڭ ئەزگۈچىلەر سىنىپىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشلەردە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى، قورقماس روھى ھەم ئۇلارنىڭ جان پىدالىقىغا مەدھىيە ئوقۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرگەن.



باي ناھىيە سايرام يېزىسىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى



كۇچاردىكى «ئەرشىدىن ۋەلى»
مازىرىدىكى خانىقا



كەلپىن ناھىيىسى چىلان كەنتىدىكى قەدىمكى قورغان خارابىسى



بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى زىلك ئەنجۈن تارتقان

«قومتۇر مىڭ ئۆي»لىرى يېنىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى‑
دىن چەت ئەللىكلەر قېزىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن سۈرەتلەر



چېچەك　　　ليۇ تەنشۈن فوتوسى


ئاقسۇ ئەدەبىياتى

**阿 克 苏 文 艺**

---

تۈزگۈچى: «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

编辑：《阿克苏文艺》编辑部

نەشر قىلغۇچى: ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى

出版：阿克苏行署文化处

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

印刷：喀什日报印刷厂

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

发行：喀什地区邮电局

ئاپتونوم رايون بويىچە، ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

订阅：各地邮电局，所

فورماتى: 789×1092، 1/16: 7 تاۋاق

国内统一刊号：CN65—1080／I

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65-1080/1

ژۇرنالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى: 47 — 58 باھاسى: 0.40 يۈەن

代号:58—47号　定价:0,40元

---

مۇقاۋىسى شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

封面印刷：新疆新华印刷二厂